

NEW JADE LITERATURE

# يېڭى قاشتېشى

ISSN 1002-9206
06>
9 771002 920009

3
1998

# «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سانىنىڭ غەلىبىلىك نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خوتەن ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى ئىمىن ئەخمىدى ژۇرنال تەھرىرلىرى بىلەن بىللە.



خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇري مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى يالقۇن قادىر يىغىندا تەبرىك سۆزى سۆزلىمەكتە.

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارما باشلىقى مەھەممەت چاۋار يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ↓



قېرىنداش ژۇرنال ۋە نەشرىياتلاردىن كەلگەن مېھمانلار يىغىنغا قاتنىشىپ، سوۋغا تەقدىم قىلدى.



ئابدۇللا ئۆمەر فوتوسى.

# يېڭى قاشتېشى

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

3
1998

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت چاۋار
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان
تەھرىر ھەيئەتلىرى: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇۋاقى توختى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئابدۇللا مەتتىمىن، ئابدۇللا سۇلايمان، مۇھەممەت چاۋار، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، روزى سايىت.

ئون توققۇزىنچى يىل نەشرى
(ئومۇمىي 101 ـ سان)

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئېشەپ قالغان بىر نامرات ............ (ھېكايە) ............ تەۋەككۇل تۇردى 17
سۆيگۈ سىنىقى ............ ( 〃 〃 ) ............ ئابلىز ھەسەن 27
سەكسىنىنچى ئائىلە ............ ( 〃 〃 ) ............ داۋۇت مەتنىياز 32
ستودىنتلار ياتىقى ............ (پوۋېست) ............ مەتتۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار 61
مەڭگۈلۈك ئازاپ ............ (ھېكايە) ............ ئا. ناسىر يۇنۇس (ياۋايى) 76
كىچىككىنە بىر ھەقىقەت ............ (ئەسلىمە) ............ مۇھەممەدكېرىم ئىسمايىل 84


## شېئىرىي ئەسەرلەر


ئۇخلىمايدۇ كۆڭۈل قۇياشى ............ (شېئىر) ............ مۇھەممەتتوختى ئەخمەت 10
ئەل ئۈچۈن دەريا بولۇپ ئېقىۋالاي ............ ( 〃 〃 ) ............ توختىمۇھەممەت تۇردى 11
ئىككى شېئىر ............ ( 〃 〃 ) ............ ئابدۇقادىر مۇسا (ئېقىن) 13
شېئىرلار ............ ( 〃 〃 ) ............ بۇخەلىچەم تۇردى 14
ئۇ كىم ............ ( 〃 〃 ) ............ ئەسقەر تۇرسۇن 15
پەسىللەر لىرىكىسى ............ ( 〃 〃 ) ............ مۇھەممەت كامال (خۇشخۇي) 16
سالام يۇرتۇم، سالام خەلقىم ............ ( 〃 〃 ) ............ ئابدۇراخمان قۇربان 50
نورۇز قەسىدىسى ............ ( 〃 〃 ) ............ ئابدۇلئەھەد قادىرى 51
نورۇز نىگار ............ ( 〃 〃 ) ............ سىدىق قاۋۇز 51
باھار ۋە زېمىن ............ ( 〃 〃 ) ............ ئابلىمىت سەمەت 52
نورۇز سەيلىسى ............ ( 〃 〃 ) ............ ئابدۇقادىر مەتسىدىق 52
مەرھابا نورۇز ............ ( 〃 〃 ) ............ دولقۇن جاپپار 52
خوش سەھرايىم ............ ( 〃 〃 ) ............ ئەخمەتتوختى جاپپار 56
ياشلىقتىكى رەڭدار تىۋىشلار ............ ( 〃 〃 ) ............ ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر 56
سەھرا چاتمىلىرى ............ ( 〃 〃 ) ............ ئابدۇكېرەم ئابدۇخالىق 58
شېئىرلار ............ ( 〃 〃 ) ............ مامۇت ئۆمەر 59
غەزەل ............ ( 〃 〃 ) ............ ئابلەت مەتكېرەم 60
ئىككى شېئىر ............ ( 〃 〃 ) ............ ئابدۇرىشىت ئېلى 60
ياش تۆكمەكتە خوتەن تارىخى. . . ............ ( 〃 〃 ) ............ مۇھەممەت تەشنائى 83
ئىككى شېئىر ............ ( 〃 〃 ) ............ مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن 85
ئۇنتۇلماس دوستلۇق ............ (مەرسىيە) ............ ئابدۇرېھىم ئېلى 86
ھىجران يامغۇرى ............ ( 〃 〃 ) ............ ئابدۇغېنى سىيىت 87


## نەسىرلەر


نورۇز كۈيى ............ (نەسىر) ............ دىلنۇر ئابلىز 53
نورۇز سۆيگۈسى ............ ( 〃 〃 ) ............ ئالتۇنگۈل رەجەپ 54


## ماقالىلەر


ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈپ ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ئىلگىرى
سۈرەيلى ............ جۈرئەت مەتتىمىن 1
دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، نادىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ،
ۋىلايىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرەيلى ............ يالقۇن قادىر 5
ئەدەبىي تىلنىڭ پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا ............ مۇھەممەت چاۋار 37
بىردىن يىغلىسا يۈز بولىدۇ ............ مۇختار سۇپۇرگى 43
ئەممەدشاھ قاراقاشىنىڭ «شاھ پولو»، «مېۋىلەردىكى جېدەل» ناملىق ئەسەرلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ............ ئابدۇغېنى سەيدىن 46


## كلاسسىك ئەدەبىياتىن


بىننى ئابدۇغوپۇر موللانىيازى ۋە ئۇنىڭ «قىسسەسۇل غەرايىپ» ناملىق كىتابى ............ 88


---


مۇھەررىرلەر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان، تۇرسۇنجان مۇھەممەت، دىلنۇر ئابلىز، مەتسلىم مەتقاسىم.

مۇقاۋا 1 ـ بەتتە: ئائىلە پىلاق يوجۇلىك فوتوسى.

بۇ ساننىڭ مەسئۇل كورركتورى: مەتسلىم مەتقاسىم، مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئابدۇغېنىجان نىياز.

قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئەنۋەر جۇمە سىزغان.

جۇرئەت مەمتىمىن

# ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈپ ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرەيلى

(«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سانىنىڭ غەلىبىلىك نەشر قىلىنغانلىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا بېغىشلانغان سۆز)

(خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى)

يولداشلار، دوستلار!

بىز خۇشال كەيپىياتتا «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى قۇتلۇقلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. بۇنىڭدىن 19 يىل بۇرۇن يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ ژۇرنال ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئىشلىرى بىلەن ئۆزئارا ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ھەر ساھە خىزمەتلىرىدىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تۆھپىلەرنى قوشتى.

پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە قاراتقان تۈرلۈك فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بىر قەدەر يۇقىرى بەدىئىي ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ھەر تەرەپلىمە ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ، ياخشى ئىش، ياخشى پەزىلەتلەرنى قىزغىن مەدھىيىلەپ نادانلىق، بىلىمسىزلىك، قالاقلىق، ساختىلىق ۋە رەزىللىكنى پاش قىلىپ خەلقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ۋە ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، خەلقنى سوتسىيالىستىك روھ، ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەت بىلەن تەربىيىلەش، پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئويىنىدى. «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەسلىدىلا ئاساسى ئاجىز بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش پۈتكۈل ئاپتونوم رايونغا، مەملىكىتىمىزگە يۈزلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە زور ئەجىر سىڭدۈرۈپ، كەڭ ئاپتورلارنى ئۆز ئەتراپىغا كۆپلەپ ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپنى يىلمۇيىل تەدرىجىي چىڭىتىپ، سۈپەتنى يىلمۇيىل ئۆستۈرۈپ، مەدەنىيەت ۋە كەسپىي ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى، سىياسىي سەزگۈرلىكى كۈچلۈك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن جاپا چېكىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان غايىلىك، ئەخلاقلىق، تالانتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان

ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قوشۇننى بارلىققا كەلتۈرۈپ پۈتكۈل ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە زور تەسىر پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ يېقىنقى ئۈچ ـ تۆت يىل مابەينىدە ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھاۋاسى قويۇق، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولدى. مالىيىدە قىيىنچىلىق زور بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا يەنىلا ھەر خىل تېمىدىكى ئىجادىيەت يىغىنلىرى، ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىش پائالىيەتلىرى كۆپلەپ ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئالماشتۇرۇش كۈچەيتىلدى. كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا تۇرمۇش ئۆگىنىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە دەم ئېلىش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىلدى. كەڭ يازغۇچى شائىرلىرىمىزمۇ پارتىيىگە، خەلققە، مىللەتكە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش ئاڭلىقلىقى بىلەن دەۋر رىتىمىنى توغرا ئىگىلەپ بەدىئىي سەۋىيىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كىتابخانىلارنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى. قىسقىسى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 19 يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى ئۇتۇقلۇق، نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولدى.

بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جياڭ زېمىن رەھبەرلىكىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېت ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ 15 ـ قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان مۇشۇنداق تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتىدە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 19 يىللىق مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتۈپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كېيىنكى خىزمەتلەرنى كونتېرتىپكە قويۇش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن شۇنداقلا ئۆز نامىمدىن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. ژۇرنالنى 100 سانغا ئۇلاشتۇرۇش يولىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن تەلەپكار مۇھەررىرلەردىن، يازغۇچى، شائىرلار ۋە ئەدەبىي تەتقىقاتچىلاردىن شۇنداقلا ژۇرنالنى ھەر جەھەتتىن قوللىغان، ياردەمدە بولغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن، ھەممە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۈستقۇرۇلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ ھاياتىدا زادىلا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى تۈۋرۈك. چۈنكى ھەر بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى ساپاسى ئەڭ ئالدى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئارقىلىق يېتىلىدۇ ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بولمىغان مىللەتنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ. پارتىيىمىز ئەزەلدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىلىندۈرمەي تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، خەلقنى ئويغىتىپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئىشلىرىنى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت كۆرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلقنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا رولى ۋە ئەھمىيىتى ئىلگىرىكى

دەۋرلەردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. تۆۋەندە مەن ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى مەسىلىلىرى ئۈستىدە بىر قانچە تۈرلۈك پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش لازىم. يازغۇچى، سەنئەتكارلار سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بەرپا قىلغۇچىلىرى ۋە تارقاتقۇچىلىرى بولۇپ، ئۇلار «خەلقنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇپ، توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن تاۋلاش، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش» تەك ئالاھىدە بۇرچنى ئۈستىگە ئالغان.

يازغۇچى، سەنئەتكارلار بۇ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ ئىدىيىنى ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ خەلقنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ ئۇلارنىڭ جاپالىق ئىگىلىك تىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، دەۋر رىتىمىنى ئىگىلەپ مۇقىملىق، تەرەققىيات ۋە ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ توغرا بولغان دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، مىللەت قارىشى، تارىخ قارىشى ۋە سەنئەت قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچى قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يازغۇچى، سەنئەتكارلار پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، ئىقتىسادىي پەن ـ تېخنىكا، تارىخ بىلىملىرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، نەزەرىيىۋى بىلىمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم. بۇ كەڭ يازغۇچى سەنئەتكارلارنىڭ يېڭى دەۋرىمىزگە مۇناسىپ ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

2. ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، يىرىك ئەسەرلەر ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش لازىم. پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا «مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىش ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ باش ۋەزىپىسى» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. ھالبۇكى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە سۈپىتى بىر قەدەر يۇقىرى ئەسەرلەر كۆپلەپ بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر كەم بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا بىز تەخىرسىزلىك ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ بۇ خىل ھالەتنى تېزدىن ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم رولىنى ۋە ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت دېموكراتىيىسىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن يولغا قويۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، پائال شارائىت ھازىرلاپ، يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتىنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ ئېھتىياتچانلىق، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئۇرغىتىپ، ئۇلارنىڭ دەۋر روھىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەدىئىيلىكى يۇقىرى، خەلق ئاممىسى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىغا ئىلھام بېرىشىمىز لازىم. ھازىر ۋىلايىتىمىز ئاپتورلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا شېئىرىيەت ۋە شېئىرىي ئەسەرلەر، كىچىك ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى نەسرىي ئەسەرلەر

www.uyghurkitap.com



ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يىرىك ئەسەرلەر، جۈملىدىن رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ بارلىقى مەلۇم بولمىدى. بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋال. چۈنكى، رومان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەڭ كەڭ دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋرنىڭ رېئال مەنزىرىسىنى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان ژانىر بولۇپ، يازغۇچىلار ئىجادىيەت كەمىرىنى مەھكەم باغلىسىلا بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە رومان ئىجادىيىتى ئۈچۈن ماتېرىيال بولالايدىغان ئەھمىيەتلىك تېمىلار قەدەمدە بىر تېپىلىدۇ. مېنىڭچە ھازىر ۋىلايىتىمىز دائىرىسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئوتتۇرا ۋە ياش ئاپتورلارنىڭ قەلىمى پىشتى. بۇنى ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدى. پەقەت ئۇلار تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشسىلا چوقۇم رومان ئىجادىيىتىدە نەتىجە يارىتالايدۇ.

3. ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ۋىلايىتىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى جۈملىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى. ئەگەر ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىم بولغان سىياسىي ۋەزىيەت بولمايدىكەن ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى مەركەزنىڭ 7 ـ نومۇرلۇق، ئاپتونوم رايوننىڭ 5 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ نۆۋەتتە ۋىلايىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، بۇ بىر تۈرلۈك خىزمەتكە يېقىندىن ماسلىشىپ، پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ جۈملىدىن ۋىلايىتىمىزنىڭ مۇقىملىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش لازىم.

بۇ دەۋرنىڭ تەلىپى شۇنداقلا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئېھتىياجى.

ئاخىرىدا تەكىتلەيدىغىنىم «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇپ، سۈپىتىنى يىلمۇ يىل ئۆستۈرۈش لازىم. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ۋىلايىتىمىزدىكى كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانا مەكتىپى، ئىللىق ئائىلىسى. ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ۋە نەتىجىلىرىنى «يېڭى قاشتېشى» دىن ئايرىغان ھالدا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بۇ مەكتەپ، بۇ ئائىلە ياخشى باشقۇرۇلمىسا ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى ئارقىغا چېكىنىسە چېكىنىدۇكى، ئىلگىرى باسمايدۇ. شۇڭا پائال شارائىت ھازىرلاپ، ژۇرنالنى ياخشى باشقۇرۇش زۆرۈر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، ھەر خىل تېمىدىكى مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى كۆپلەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، يازغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت، پىكىر ـ تەلەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت جەريانىدا يولۇققان قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى «يېڭى قاشتېشى ژۇرنىلى» ۋە ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى قوللىشى، ئۇلارنىڭ ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ياخشى شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىشى لازىم.

ئاخىرىدا بارلىق يولداشلارنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ ئىزدىنىپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلارنى بېرىش يولىدا پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يالقۇن قادىر

# دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، نادىر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرەيلى

## - «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى)

ھۆرمەتلىك ئەدىبلەر، يولداشلار، دوستلار.

بۈگۈن بىز شاد - خۇراملىق ئىچىدە بىر يەرگە جەم بولۇپ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن قۇتلۇقلاۋاتىمىز. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋاكالىتەن يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمەن. 19 يىلدىن بۇيان ژۇرنالنىڭ ئوڭۇشلۇق نەشر قىلىنىشىغا تۆھپە قوشقان ئەدىبلىرىمىزنى، ژۇرنال خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ياردەم بەرگەن ھەر قايسى ساھەلەردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

بۇنىڭدىن 19 يىل بۇرۇن، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيىمىز، دۆلىتىمىز تارىخىدا زور بۇرۇلۇش بولۇپ، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىشتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا يۆتكەلگەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا شانلىق قەدىمىي مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە خوتەن بوستانلىقىدا «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى دۇنياغا كەلدى. 19 يىلدىن بۇيان، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»، «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىپ، ۋىلايىتىمىزدىكى كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ قاينام - تاشقىنلىق دولقۇنلىرىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئىش، يېڭى كىشىلەرنى زور كۈچ بىلەن مەدھىيىلەپ خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىجادىي ۋە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. خوتەننى مەملىكەتكە، دۇنياغا تەشۋىق قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. تەلەپكار تەھرىرلەرنىڭ خەلقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا بولغان ساداقەتمەنلىكى ۋە كەسپىي مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ئۆز سەھىپىلىرىنى يىلمۇ يىل سەرخىللاشتۇرۇپ،

uyghurkitap.com



مۇشتەرىلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە سالماقلىق تەسىرگە ئىگە ژۇرناللار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، شەرەپلىك ھالدا 100 سانىغا ئۇلاشتى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى 100 سان ژۇرنال خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى يورۇتقۇچى 100 مەشئەل. ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش مەزگىلىدە ھەر ساھە خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان 100 كۆزنەك. ۋىلايىتىمىز ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنى تەربىيىلىگەن، يېتىشتۈرگەن 100 بۆشۈك. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان تۆرلۈك جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 19 يىللىق مۇساپىسىنى ئەسلەپ تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ پىكىر يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن قىزغىن تەبرىكلەيمەن. ژۇرنال خىزمىتىگە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن مۇھەررىرلەردىن، كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلاردىن، ئوبزورچىلاردىن سەممىمىي ھال سورايمەن.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ئالدى بىلەن بۇ ژۇرنالنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش زۆرۈر.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرى پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت لۇشيەنىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنى بازا قىلىپ، كەڭ يازغۇچى، شائىرلارنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە ئۈزلۈكسىز گۈللەندى ۋە راۋاجلاندى. ئېسىل ئەسەرلەر ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، ۋىلايىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە سىياسىي مۇقىملىقى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سېپىدە بارلىققا كەلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى جانلىق ئەكس ئەتتۈردى. رېئاللىق بىلەن غايىۋىلىك، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بىر قەدەر يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. خەلق ئاممىسىنىڭ تەبىئەت بىلەن ئېلىشىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قۇرۇلۇشىدىكى جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش جاسارىتىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. قالاقلىق، نادانلىق، ساختىلىق، رەزىللىكنى ئاچچىق قامچىلاپ، چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، خەلقنى ئالىيجاناب روھ بىلەن تەربىيىلەش ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، بىر قانچە يىلدىن بېرى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ ئاپتورلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، سىياسىي ساپاسى يۇقىرى، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە يازغۇچىلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، خوتەن ئەدىبلىرىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە ئايلاندى.

ئەدەبىيات - سەنئەت سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

ئۇ بىر مىللەتنىڭ ھاياتىدا زادى كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى تۈۋرۈك بولۇپ، ئۇ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، خەلقنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئورتاق تىرىشىپ كۆرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقانداكەڭ ئەدەبىيات–سەنئەتچىلەرنىڭ دەۋر ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ھەقىقەتەن ئېغىر، تۆۋەندە مەن ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات – سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا بىر قانچە تۈرلۈك پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1. بىز مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىدا جۈملىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15 – قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات – سەنئەت توغرىسىدىكى تۈرلۈك لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى باشتىن – ئاخىر ئېغىشماي توغرا ئىجرا قىلىشىمىز لازىم.

باش شۇجى جياڭ زېمىن 15 – قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتا گۈللەنگەن ئىقتىساد ۋە گۈللەنگەن مەدەنىيەت بەرپا قىلىش» تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس – بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي مۇقامنى ياڭرىتىپ، كۆپ خىل يۆنىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش لازىملىقىنى كۆرسەتتى. بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپ بىرلا بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەسەر ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ سۆزدە، خەلقنىڭ تەلىپى، دەۋرنىڭ تەلىپى، پارتىيىنىڭ ئۈمىدى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا بارلىق ئەدەبىيات – سەنئەت خادىملىرى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە يۇقىرىقى تەلەپنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، توغرا دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، مىللەت قارىشى ۋە سەنئەت قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، ئۇنى ئىجادىيەتكە يېتەكچى قىلىشىمىز لازىم.

2. تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئاممىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

تۇرمۇش – ئىجادىيەتنىڭ پۈتمەس – تۈگىمەس بۇلىقى. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات – سەنئىتىمىز كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەدەبىيات – سەنئىتى. خەلق ئەدەبىيات–سەنئەتكە مۇھتاج. ئەدەبىيات – سەنئەت خەلققە تېخىمۇ مۇھتاج. بۇ ھەقتە يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى: «خەلق ئەدەبىيات خادىملىرىنىڭ ئانىسى، بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىيات – سەنئەت خادىملىرىنىڭ بەدىئىي ھاياتى ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن چەمبەرچەس مۇناسىۋەت ئورنىتىشىدا. ئۇلار بۇ مۇناسىۋەتنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇنىڭغا سەل قارىسا ياكى ئۇنى ئۈزۈپ قويسا، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ھاياتى پۈچەكلىشىدۇ». شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئەدەبىيات – سەنئەت خادىمى تار كەسپىي خىزمىتى دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالماي، ئاڭلىق ھالدا قايناق تۇرمۇشقا ئاتلىنىپ، ئىجادىيىتىگە تۇرمۇشتىن ئوزۇق ئىزدەپ، خەلق ئاممىسى

بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاپ، دەۋر رىتىمىنى ئىگىلەپ، قاينام ـ تاشقىنلىقتا تولغان مول مەزمۇنلۇق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى بايقاپ، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى ھايات بەرپا قىلىۋاتقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن تىغمۇ ـ تىغ كۈرەش قىلىۋاتقان كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، دەۋرنىڭ رېئال مەنزىرىسىنى سۈرەتلىشى، نادىر ئەسەر ئېجادىي تۇرغۇزۇپ، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سەنئەتلىك قىممىتى ئۈستىدە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن باش قاتۇرۇپ، ئەڭ ياخشى مەنىۋى مەھسۇلاتلىرىنى خەلققە تەقدىم قىلىشى، بۇ ئارقىلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىلىندۈرمەي تەسىر كۆرسىتىشتەك مۇھىم ئالاھىدىلىكىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى، مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش لازىم.

3. ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنى كۈچەيتىش، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم.

ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ئەدەبىياتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم تەرەپ. ئەپسۇسكى يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىلىقى دېگەندەك جانلىق بولالمىدى. بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئاجىزلىقلار بار. ئاساسلىقى، تا ھازىرغا قەدەر مۇكەممەل ئوبزورچىلىق قوشۇنى شەكىللىنەلمىدى. يېزىلغان خېلى كۆپ ئوبزورلارنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، ئادەتتىكى چۈشەنچە، تەسىرات دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن. بۇ ھال ۋىلايىتىمىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتى: نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەر ئوبيېكتىپ باھاغا ئېرىشەلمىدى. ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىكى ئۈرنەك قىلىشقا بولىدىغان نۇرغۇن تەجرىبىلەر ۋاقتىدا يەكۈنلەنمىدى. . . ۋاھاكازالار. بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇ بىر نۇقتىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، پائال شارائىت ھازىرلاپ، بۇ ساھەدىكى ئىختىساسلىقلارنى بايقاش، تەربىيىلەشنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، كەسپىي سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە ئوبزورچىلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

«بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىجرا قىلىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش توپ نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلىم ـ پەن دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەسىلىلەرنى كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ باراۋەر مۇھاكىمىلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھەل قىلىشىغا يول قويۇش لازىم. بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئوخشاش بولمىغان شەكىل ۋە ئۇسلۇبلارنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، سەنئەت نەزەرىيىسى جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراش ۋە ئېقىملارنىڭ ئەركىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز زۆرۈر. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى ھەقىقىي تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

4. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇپ، ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، ژۇرنالنى

سىياسىي سۈپەت ۋە بەدىئىي سۈپەت جەھەتتە تېخىمۇ ياخشى ژۇرنال قىلىپ باشقۇرۇش كېرەك.

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە نەتىجىلەر زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنى بىز مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. لېكىن بۇ يەردە بىر نۇقتا ئېنىق بولۇشى كېرەككى، نەتىجىلەرنى كۆرگەندە يېتەرسىزلىكلەرگە، خەۋپكە سەل قاراشقا، مەغرۇرلىنىپ ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ۋە ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى خوتەندىكى ئەدىبلەرنىڭ ئىللىق ئائىلىسى، ئانا مەكتىپى، بۇ ئائىلىنىڭ، مەكتەپنىڭ ياخشى باشقۇرۇلۇش – باشقۇرۇلماسلىقى، رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇش – قىلدۇرۇلماسلىقى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات – سەنئەت ئىشلىرىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا پائال شارائىت ھازىرلاپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلەپ ژۇرنالنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇشىمىز، سۈپىتىنى يىلمۇيىل ئۆستۈرۈپ، تەسىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە ئەسىر ھالقىيدىغان ياش تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنىمۇ مەركەزلىك تۇتۇش كېرەك. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ۋە ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى داۋاملىق قوللايدۇ. ئۇلارنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىدۇ.

ئاخىرىدا تەكىتلەيدىغىنىم، يازغۇچى – شائىرلار ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. مىللەتنىڭ تەربىيىچىسى، ئۇستازى. ئەگەر ئۇنىڭ روھى پاك بولمىسا، دېگىنى بىلەن قىلمىشى ئوخشاش بولمىسا ئېسىل ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى خەلق ئالدىدا ئىناۋىتى بولمايدۇ. بۇ بىر ئەدىبكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئەڭ زور پاجىئە! شۇڭا يازغۇچى – شائىرلار ئىسمى – جىسمىغا لايىق ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشى، سەممىي ئادەم بولۇشى، نام – شۆھرەت، ئابروي قوغلاشماي ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىشى، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇپ، پارتىيىگە، دەۋرگە، مىللەتكە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇشى، پارتىيە، خەلقنىڭ ئۈتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىش، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش پوزىتسىيىسى ۋە ئىجادىيەت روھى بويىچە پىكىر يۈرگۈزۈپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىشى، سىياسىي يۆنىلىشكە، سىياسىي ئىنتىزامغا ۋە ۋىجدانىغا مۇخالىپ كېلىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى لازىم.

بارلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆزئارا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، خەلققە تېخىمۇ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ ئېسىل ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىش يولىدا ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سۆزۈم تۈگىدى، يولداشلارغا رەھمەت.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مۇھەممەتتوختى ئەخمەت

# ئۇخلىمايدۇ كۆڭۈل قۇياشى

## چارمىغىزنىڭ ئۆتمىدى گالدىن

مىڭ جاپادا كەلسەم سۇ تۇتۇپ،
باشلىۋاپسەن ئېتىزلىرىڭغا.
تەسلىم بولدى ئاچچىقلىرىمىز،
شېرىن سۆز، چار مىغىزلىرىڭغا.

چار مىغىزىڭ ئۆتمىدى گالدىن،
تۇتتى ئەمدى ئەجەب تەشنالىق.
شەربەت تەڭلەپ بولما ئاۋارە،
يەتتى ماڭا سۆيگۈ — ئاشنالىق.

## ئۇنتۇۋالدىڭ سەن مېنى

قوشماق مىغىز يېيىشتۇق،
شەرتكە باغلاپ ۋەدىنى.
ئۇنتۇۋالدىڭ مېنى سەن،
ئاتلاپ نەچچە ئەتىنى.

ئۇنتۇمەن دەپ ئىشەنگەن،
بولغاچقا سەن يادىمدا.
چاقنان چىقتىڭ ئەجەبمۇ،
«سالام» بېرىپ ئالدىمدا.

ئۇنتۇلۇشتىن بىلدىم مەن،
كۆڭلۈڭ ئىكەن زىيادە.
نېسىپ بوپتۇ ماڭىمۇ،
ساڭا كۆيمەك ئىرادە.

ئۇنتۇلدۇممەن، شەرتىڭنى —
قويۇۋەرگىن ئايىماي.
كۆڭلۈڭ مەندىن ئەگىپتۇ،
مەنمۇ سەندىن ئايلىناي.

## ئايدىڭ بولسا ھەر كېچە

ئايدىڭدا باردىم ئايلىنىپ،
كۆجۈم قورۇنىڭ كەينىگە.
توغاچ يېمەك باھانىسى،
تارتىپ كۆڭۈلنى مەيلىگە.

تۈنۈش چىقارماقتىن قېچىپ،
ھېچ ئېيتمىدىم يولدا غەزەل.
ئاستا يۆتەلدىم، شورىدىن،
يەم بىرلە چىقتى ئاي گۈزەل.

ئىرغاڭلىدى شاخ قايرىلىپ،
ئۇلانغىنىدا قوش نەپەس.
دىللار قېتىغا مېۋىنىڭ —
شەربەتلىرى ئاقتى پەۋەس.

شۇندىن بۇيان كەلدىم تىلەپ،
دىل جامىمىز لىق تولسا، دەپ.
ھەر ئاخشىمى شۇنداق تىنچ،
ئازادە ئايدىڭ بولسا، دەپ.

## جاپالىرىڭ - بەختىيارلىقىم

مەھەللەڭدە ئاگاھلىرىڭ كۆپ،
تاپماس تىنىم سۇبھى - شام ئارا.
جۈرئىتىمدە ئىستىسەم سېنى،
قاش - قاپاقتا چېكىلدى يارا.

تۈندە بارسام، تايغانلىرىڭنىڭ -
چىشلىرىدا قالدى ئەتلىرىم.
چېپەرچىمۇ[1] تەگكۈزەلمىدى،
نەدە قالدى تالاي خەتلىرىم؟

قەسرەڭنىڭ تاملىرى ئېگىز،
ناخشامنىمۇ توستى ئۆتكۈزمەي.
مازاق قىلدى شامالمۇ ھەتتا،
بۇ ھالىمنى ساڭا يەتكۈزمەي.

نە قىسمەت بۇ، نېمە كۆرگۈلۈك؟
ئازابلارغا قانمىدى كۆڭۈل.
سەن بىپەرۋا يۈرسەڭمۇ، يىراق،
سەندىن ئەسلا چانمىدى كۆڭۈل.

جەبرىلەرگە ئۇرۇپ ئۆزۈمنى،
قىينىمىقىم - ئەمەس ئىختىيار.
بولغاچ سېنىڭ جاپايىڭ پەقەت،
دىلىم خۇشال، ئۆزۈم بەختىيار

## ئۇخلىمايدۇ كۆڭۈل قۇياشى

كۆرپىسىگە يانپاشلاپ قۇياش،
ئۇيقىسىنى باشلىسا سوزۇق.
قاقار گۈگۈم كۆكنىڭ سەتھىگە،
ئالتۇن رەڭلىك ساناقسىز قوزۇق.

تۈن پەردىسى يېپىلغان شۇ ھال،
قاي پىنھاندا ئاتار يېڭى تاڭ.
دىلىستانلار بوستانلىقىدا،
سايرىشىدۇ بۇلبۇللار چاڭ - چاڭ.

لىرىكىلىق پىچىرلاشلارنى،
تۈن شاملى يۈرىدۇ يۇدۇپ.
گىلاس لەۋلەر سۇنۇشۇپ قەدەھ،
ئۆتەر مەستلىك پەيزىنى سورۇپ.

كۈن - تۈن بىدار ئاتەش نەپەسلەر،
چۈنكى ئاڭا چىن سۆيگۈ قاياش.
كۆك قۇياشى ئۇخلايدۇ تۈندە،
ئۇخلىمايدۇ دىلدىكى قۇياش.

**توختىمۇھەممەت تۇردى**

## ئىشىكىڭدىن يول بەرگىن

غورا يېسەم ئەزەلدىن،
تۈرۈلەتتى قوشۇمام.
سەن تەڭلىگەن غورىدىن،
ئالدى كۆڭلۈم خوپ ئارام.

تاتلىق بولغاچ سەن بىلەن -
بىللە يېگەن غورىمۇ؛
چوڭقۇر ۋەردى كۈنسېرى،
يېغىڭدىكى شورىمۇ.

پىشقىنىنى تەڭلىگىن،
ئۆزۈۋەرمەي غورىنى.
ئىشىكىڭدىن يول بەرگىن،
چىتلاپ قويۇپ شورىنى.

**تەھرىرى: مەتسىلىم مەتقاسىم**

# ئەل ئۈچۈن دەريا بولۇپ ئېقىۋالاي

## دىيار ۋە چىنار

دىيارىمغا بۈيۈك شۆھرەت ئاتا قىلغان چىناردۇر بۇ،
ئەسىرلەرگە گۇۋاھ شۇنداق چىنارى بار دىياردۇر بۇ.

① چېپەرچى - خەت توشۇغۇچى، پوچتالىيون. (بەرلىك شۇ.)

www.uyghurkitap.com



چىنار ئۈستى قۇچۇپ كەڭلىك بورانلارغا بويۇن ئەگمەي،
گويا ئەل قەلبىدە ئۈسكەن غۇرۇر بۇ، ئىپتىخاردۇر بۇ.

چىنار يىلتىزلىرى چوڭقۇر باغاش ئەتكەن ئانا يەرنى،
قىلار ياپراقلىرى جىلۋە، نەسىللەرگە بارھاردۇر بۇ.

زىمىستان چاڭلىرى «ئىزنا» يېزىپ باغرىغا، لەت بولدى،
(ئۈچۈردى تاشلىبان قوۋزاق، ئەبەدكە بىغۇباردۇر بۇ).

چىناردەك ئەسلىگە سادىق، غەيۇر ئۈسكەن دەرەخ نەدە؟
ئۇگۇت قىلماققا ئەۋلادقا تىرىك قامۇس ـ دىناردۇر بۇ.

سېغىنسا زاتىغا، كەلدى كۆرۈشكە ئەھلى ۋىجدانلار،
قاراقاش باغرىدا ئۈسكەن ئېسىل خىسلەت ـ تۇماردۇر بۇ.

ت. تۇردى يەتتە بېيىت ئاستى، چىنار، يەتتە پۇتاقىڭغا،
قوبۇل قىل، سەن بىلەن بىر روھ يىگىتتىن يادىكاردۇر بۇ.

## ئاتا

جان ئاتا، پۈتتى ئامەت،
ئەجرىڭىز پېشانەمگە.
بەردى رەڭ، بەردى جۇلا،
مېھرىڭىز گۈل ـ لالەمگە.

قالدىڭىز بولۇپ جىلغا،
كۆچۈرۈپ تاغنى ماڭا.
يۇردىڭىز قۇرۇپ چۆلدە،
ئۆتۈنۈپ باغنى ماڭا.

قان بېرىپ جىسمىمغا سىز،
پۈتتىڭىز ئالماس قانات.
دېدىڭىز: «كۆكلەردە ئۇچ!
ئۆملەپ يۈرمەك ئۇيات...»

چاكۇچاك بولدى تولا،
باغرىڭىز دەردىم بىلەن.
دەرد نېمە، قۇچسام شەرەپ،
كۈلدىڭىز، پەيزىم بىلەن.

سىز ئاتا، مەن ئوغلىڭىز،
يەتسىمۇ كۆككە قولۇم.
مەن ۋاپا شامى ئەبەد،
سىز ئۇچۇن تەقدىم نۇرۇم.

سىقىلار كېلىم سىزگە،
قەنت سالسام پىيالەمگە.
كىرسىڭىز خىزىر سۈپەت،
تولىدۇ نۇر خانەمگە.

1997 ـ يىل فېۋرال، خوتەن

## دىلدارغا دەك

ئەي سابا توختاپ ئۆتۈڭ،
بار سۆزۈم، دىلدارغا دەڭ.
تولدۇرۇپ قويسۇن قەدەھ،
قالدى ئاز دىدارغا دەڭ.

بولمىسۇن كۆڭلى يېرىم،
قىلدى دەپ خەقلەر تاپا.
بولىدۇ ئاخىر شېرىن،
سۆيگۈ دەپ چەككەن جاپا.

سولمىسۇن گۈلدەك يۈزى،
تاۋلىنىپ بولسۇن ئانار.
كەينىدىن قىشنىڭ چوقۇم،
كېلىدۇ ئىللىق باھار.

بارىمەن قۇشتەك ئۇچۇپ،
كۆتۈرۈپ چوغدەك يۈرەك.
ئاتىدۇ يار باغلىرى،
باشقىچە رەڭدار چېچەك.
1997 ـ يىل فېۋرال، خوتەن

## ئەل ئۈچۈن دەريا بولۇپ ئېقىۋالاي

ئۆرمىگەن قامچا، يىللار، تۇلپىرىڭغا،
چاپقىلى قويغىن ئۇنى ئۆز رايىدا.
ئارزۇلار شەربىتىگە قېنىۋالاي،
ئېچىلىپ، ئېپار ھىدلار چېچىۋالاي،
ھاياتىم باھارىدا، گۈلزارىدا.

پۇرسىتىڭ تۇيۇلماقتا چاقماق گويا،
دەقىقەڭ قىممىتىگە يەتكەنسېرى.
تەر - ئەجىر دېڭىزىدا ئۈزۈپ تىنماي،
بىباھا ئۈنچە - مارجان سۈزۈپ تىنماي،
ئىجتىھاد بىلەن ئىجاد ئەتكەنسېرى.

يارىمىز چۈشۈپ ئىرپان قولۇڭىغا،
كېلىدۇ كۆزلەپ چىمەن قىرغاقلارنى.
بارىمەن بولۇپ تەشنا - خۇمار كۆتتەك،
يۈرىكىم يالقۇنلىنىپ يانار كۆتتەك،
سېغىنىپ كۆزلىرىنى - بۇلاقلارنى.

ئۆرمىگەن قامچا، يىللار، تۇلپىرىڭغا،
چاپقىلى قويغىن ئۇنى ئۆز رايىدا.
بەختىمنى، تۇمارىمنى تېپىۋالاي،
ئەل ئۈچۈن دەريا بولۇپ ئېقىۋالاي،
ياشلىقتا - ھاياتىمنىڭ باھارىدا.

1987- يىل ئۆكتەبىر، خوتەن

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

ئابدۇقادىر مۇسا (ئېقىن)

# ئىككى شېئىر

## ئېسىڭدىمۇ بىز ئۆسكەن سەھرا

ئېسىڭدىمۇ بىز ئۆسكەن سەھرا،
كۆي ياڭرىتىپ يۈرەتتۇق غەمسىز.
تايغانلارنى سېلىپ بەيگىگە،
دو تىكىشىپ ئوينايتتۇق ھەر چاغ،
شاد - خۇراملىق ئىلكىدە چەكسىز.

ئېسىڭدىمۇ بىز ئۆسكەن سەھرا،
پادىلارنى باقاتتۇق خۇشال.
يايلاقلاردا تۈزۈشۈپ سورۇن،
چۆچەكلەرگە بولغاندا ئەسىر،
قوزىچاقلار سۈرەتتى خىيال.
ئېسىڭدىمۇ بىز ئۆسكەن سەھرا،
تەر تۆكۈشكەن پايانسىز ئېتىز.
چارچىغاننى سەزمەيتتۇق ئەسلا،
يالقۇنجىغان تونۇردەك ئاپتاپ،
كۆيدۈرسىمۇ يۈزلەرنى پىژ - پىژ.

ئېسىڭدىمۇ بىز ئۆسكەن سەھرا،
كەچ كۈزدىكى گۈزەل تۈلۈنئاي.
يۇلتۇزلارنى كەتسەك سانىشىپ،
ئۇ كۆزنى قېسىشسا چىم - چىم،
ئاۋارىدۇق ساننى ئالالماي.

ئېسىڭدىمۇ بىز ئۆسكەن سەھرا،
ئېقىن سۆيگەن دوڭغاق سۆگەتلەر.
ياكى ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ دوستۇم،
كۆزلىرىڭدىن كەتسە يىراقلاپ،
بالىلىقنىڭ تاتلىق كەچمىشى.
لەۋلىرىڭگە سۆيسە ئاۋايلاپ،
(زەپ بەختلىك ئىدى ئۇ چاغلار!)

## قېنانامغا

ياشلىقىمغا قېتىپ ياڭراق كۈي،
تۇغۇپ بەردىڭ ماڭا بىر قۇياش.
تەبەسسۇمىڭ سۆيگەچ لىۋىمگە،
يۈز ئۆرىدى مەندىن ياتسىراش.

مېھرىڭ گويا مىسلىسىز ئېقىن،
ئۆزدۈم ئۇندا بېلىقتا ئوخشاش،
ئىككەن ئەسلى ھايات يولىدا،
ئانام بىلەن قەلبىڭ بىر تۇتاش.

www.uyghurkitap.com



بۇخەلچەم تۇردى

# شېئىرلار

## باللىقتا ئىنتىزار يۈرەك

قەيەردىسەن مەسۇم باللىق،
ئىزتىراپقا چۆككەندە بۇگۈن.
قەيەردىسەن نۇرانە چۈشۈم،
تەنتەكلىكتىن قالدىغۇ كۆڭۈل.

قەيەردىسەن سۇبھى گۈللىرىم،
يوللىرىمنى باسقاندا خازان.
قەيەردىسەن خۇشبۇي باغلىرىم،
ئازاپ چېكىپ قالغاندا پىنھان.

قەيەردىسەن بىغۇبار تۇيغۇم،
تۇمان ئارا قالغاندا سۆيگۈم.
قەيەردىسەن غەمسىز كۈيلىرىم،
تەشۋىش ئىچىدە قالدى ئۈمىدىم.

قەيەردىسەن ئالتۇن گۆدەكلىك،
ئۆمرۈمگە قوت كۆكلەم باھارىم.
قاتىلى سەن سەبىيلىكىمنىڭ،
ئېھ! روھىمنىڭ، خائىنى ئۆزۈم.

## دەمدەرنى سېغىنىش

مەن بۇ يەردە ئۆزۈم يىگانە،
كۈتمەكتىمەن سىنى تەخىرسىز.
كۆلبەمدىكى سۆيۈملۈك دەمدەر،
نەگە ئۇچۇپ كەتتىڭ شەپىسىز.

ياغقىنىدا ئاپرېل يامغۇرى،
قويالمىدىم سىنى ئۆزىتىپ.
«خوش» دېمەيلا كەتتىڭ يىراققا،
ھىجران بىلەن قالدىم مۇڭلىنىپ.

قاچان كەتتىڭ كۆلبەمدىن ئۇچۇپ،
تىنچلىقىم بۇزۇلدى ئەجەب.
تۈنلەر ئارا ھوۋلىسا ھۇقۇش،
بىر سېنىلا قالىمەن ئەسلەپ.

شائىرەڭدىن كەتتىڭ يۈز ئۆرۈپ،
خەيىر ـ ھامان كېلەرسەن بىر كۈن.
سوۋغا قىلدىڭ نامرات قىزچاققا،
ئادرېسى يوق نىشانسىز كۈتۈش.

## قىزلار

قىزچاقلادۇر تۈندىكى چىراغ،
يورۇتىدۇ زۇلمەت قوينىنى.
قىزچاقلاردۇر سۇبھىدىكى گۈل،
مەپتۇن قىلار كۆڭۈل قۇشىنى.

قىز قەلبىدۇر، شاۋقۇنلۇق دەريا،
قوچىقىدا جۇش ئۇرار ھايات.
قىز قەلبىدۇر تېپتىنچ ئوكيان،
يۈرىكىدە ئۇخلار كائىنات.

قىز قەلبىدۇر نۇرانە سەھەر،
تىنىقىدىن چېچىلار ئىپار.
قىز قەلبىدۇر تىلسىملىق شەھەر،
قىز قەلبىدۇر مەڭگۈلۈك باھار.

قىز قەلبىدۇر تاڭدىكى شەبنەم،
قاغجىرىغان دىللارغا ياغقان.
قىز قەلبىدۇر تۈگىمەس بۇلاق،
سۆيگۈسىدە چۆللەر گۈلىستان.

قىز قەلبىدۇر سېخىي ئانا يەر،
ۋۇجۇدىدا بىخ سۈرەر ئارمان.
قىز قەلبىدۇر ئاتەش ماكانى،
قىزلار بىلەن كۆلىدۇ جاھان.

قىز قەلبىدۇر نادىر بىر ئەسەر،
ئىنسانىيەت شەرھى يېزىلغان.

قىز قەلبىدۇر غالىب سەركەردە،
رەزىللىككە ئوت لاۋا چاچقان.

قىزلار ئۇلۇغ، قىزلار مۇقەددەس،
ئۆرتەنمىسۇن نازۇك يۈرىكى.
ئالدامچى يار بىۋاپا سۆيگۈ،
تۇزۇتمىسۇن قىزلار بەختىنى.

قىزلار بولۇر مۇقەددەس ئانا،
قىزلار ئۇلۇغ يارالغان ئىنسان.
خارلانمىسۇن پەرى سۈپەتلەر،
كۈلكىسىگە جۆر بولسۇن جاھان.

## ئانا

ئانا،
سەندىن مېھىر ئالغانمۇ قۇياش.
ئاتەش كۆزۈڭ نىگاھلىرىدا،
ئاقارغانمۇ سۇبھىدىكى تاڭ.
ئىلاھ سۈپەت پەزىلىتىڭگە،
باش قويىدۇ كۈللى - كائىنات.

ئەسقەر تۇرسۇن

سەن زېمىنغا پاكلىق ئەلچىسى،
سۆيۈلسەن پەرىشتە سەن.
ئانا،
سەن مۇقەددەس ھۆرمەت ئىلاھى.
پاك مېھرىڭگە تەشنا دىللاردا،
پورەكلەيسەن ئاق لالە كەبى،
تارىخ ئۇلاپ كېلىسەن شۇنداق.
چاچلىرىڭدا كۆردۈم ئەتىنى،
ئۈمىدۋار بول مۇلايىم ئانا.

ئانا،
ئۆمۈر بېغىڭ گۈللىسۇن ئەبەد.
شەپەق رەڭلىك قىزىل قەلبىڭدىن،
سۇناي ساڭا ئۆلمەس مۇھەببەت.
تونۇپ يەتتىم ياشاش يولىنى،
ئەمدى مەنچۇن چەكمىگىن ھەسرەت. -
سېنى بۈيۈك ياراتقان تەڭرى،
ئاتا قىلسۇن ئۆمرۈڭگە بەركەت،
ئۆلسەم ياتاي ئاياغىڭدا مەن،
بار ئاياغىڭ ئاستىدا جەننەت.
تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

## ئۇ كىم؟

قەلبىمدە بىرى بار چالىمەن كۈي - ساز،
چۈنكى ئۇ جان كۆيەر، بىزگە قىشى - ياز،
بىر ئۆمۈر ئىشلەيدۇ، راھىتى بەك ئاز،
تالاشماس مەنپەئەت، ھېچبىر ئىمتىياز،
ئۇ كىم؟ ئۇ بۈيۈك ھەم قەدىردان ئۇستاز.

ئايئاق بور توزانىدا قاپلانغان جىسمى،
ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر دۇنيادا ئىسمى،
مۇشەققەت - جاپانى بىلمىدۇ شەرەپ،
ئۇندىكى پەزىلەت كۆرۈلمەس مىسلى،
ئۇ كىم؟ ئۇ ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان ئۇستاز.

ھېچبىر كۈن ئۇنىڭدىن ئايرىلماس جاپا،
بولمايدۇ بۇنىڭچۇن قىلچىلىك خاپا،
(ۋەياكى تەڭرىنىڭ قىلغان ھۆكمىدە،
جاپانى خاس ئاڭا قىلغانمۇ ئاتا)،
ئۇ كىم؟ ئۇ جاپاكەش، جانىجان ئۇستاز.

مەرىپەتتە ئۇنىڭدىن ئاشماس ھېچ كىشى،
بىر ئۆمۈر تەر تۆكمەك خۇشاللىق ئىشى.
ھارارەت بولىقى بولغاچقا قەلبى،
باھارغا ئايلىنار زىمىستان قىشى،
ئۇ كىم؟ ئۇ ئوت يۈرەك، پاسىبان ئۇستاز.

جاھالەت ئالىمىدە مەرىپەت چىللاپ،
تۇرغاچقا مەغرۇر، زۇلمەتنى تىللاپ.
ئويغاتقان ئوغلانلار جۇشۇپ جەڭلەرگە،
دەۋرنى يەڭمەكتە ئەسىرلەر ئاتلاپ،
ئۇ كىم؟ ئۇ بۈگۈننى ياراتقان ئۇستاز.

خەلققە ھەسسىلەپ تۆھپە قوشاي دەپ،
ھەممىنى بېغىشلار قوغلىماي ھېچ نەپ.
ئۇندىكى ئەڭ زور بەخت، خۇشاللىقمۇ شۇ،
باللىرى پەرۋاز قىپ، ئۇچسا بىر - بىرلەپ،
ئۇ كىم؟ ئۇ ئانا قۇش، مېھرىبان ئۇستاز.
تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

مۇھەممەت كامال (خۇشخۇي)

# پەسىللەر لىرىكىسى

*(چاتما شېئىرلار)*

### باھار

مىسكىن ھېسلار كېپەن كۆيدۈرۈپ،
يېشىل چۈشتە چايقايدۇ يۈرەك.
دىلنى ئارمان ئىللىق سۆيدۈرۈپ،
تۈنجى بولۇپ باشلايدۇ كۆرەك.

### ياز

جەھەننەمدىن جەننەت يارىتىپ،
كۆكتۈللەرنى ئۈندۈرۈۋالسەن.
نىگاھلارنى ئۈندەپ قارىتىپ،
لەۋلىرىڭگە كۆندۈرۈۋالسەن.

### كۈز

كەڭلىكنى ئۆلچىمەك قىيىن -
داسقىنىڭنىڭ، نەگىچە يايدىڭ؟
بەيگىلەردە قالدىڭ كېيىن،
سېخى پىرى ھاتەم (بۇ ئايدىڭ).

### قىش

قار گۈلىدىن تىزىپ گۈلدەستە،
ئانا يەرگە سۇناي دەپ چاپساڭ.
قاراپ قالدۇق ساڭا ھەۋەستە،
ئاقلىق ئىچرە بەخت، قۇت تاپساڭ.

### شارقىرايدۇ دەريا سۈيى

شارقىرايدۇ دەريا سۈيى، شارقىرايدۇ،
بۇ سەھەردىن، ئۇ سەھەرگە تىنىم تاپماي.
يارىتىدۇ سىمفونىيە، ۋارقىرايدۇ،
جاراڭلاتسام دۇتارىمنى قىيا باقماي.

شارقىرايدۇ دەريا سۈيى، شارقىرايدۇ،
ھەر تىنىقتىن ھاياتلىقتا چىغىر ئېچىپ.
پارقىرايدۇ كۈمۈش ئۈنچە، پارقىرايدۇ،
ئانا تۇپراق باش - كۆزىگە چاچقۇ چېچىپ.

بۆشۈكۈمدە ئەللەيلىگەن يېقىملىق كۈي،
تىزگىن سىرىپ چاپقىنىمدا ئۈزۈلمەيدۇ.
رەڭ ئالغاندا قۇندۇز چېچىم تاڭدىن ئوھوي،
ماڭا ھەمراھ، ئۆزگە پەدە تۈزۈلمەيدۇ.

### ئەندىشىگە سوئال

خۇشاللىقنى ئەيلىدىڭ ھارام،
كۆكتۈللەرگە بەرمەستىن ئارام.
شۇ تۇپەيلى قوزغالدى يارام،
مۇددىئايىڭ نېمە ئەي قارام.

سەن ھەققىدە بولسا گەر پاراڭ،
بولدۇق «توۋا» غەلدە - غەش ساراڭ.
قالدى ھەتتا قاپاقسىز باراڭ،
مۇددىئايىڭ نېمە ئەي قارام.

سەن كىرگەن دىل بولالماس تىنچ،
گۈل ھۆسنىگە تولالماس تىنچ.
شاخقا قۇشلار قونالماس تىنچ،
مۇددىئايىڭ نېمە ئەي قارام.

تەھرىرى: مەتسېلىم مەتقاسىم

تەۋەككۈل تۇردى



# ئېشىپ قالغان بىر نامرات

(ھېكايە)

1

يىراق ئۇپۇق ئىسسىق لەۋلىرىنى زېمىن لەۋلىرىگە يېقىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. كەپتەر تۈپى كۆك ئاسماندا پەرۋاز ئەيلەپ، قۇشلار دۇنياسىنىڭ سىرىكچىلىرىدەك موللاق سالىدۇ. پاكار، كۆرۈمسىز ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن چىققان ئاجىز ئىس ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلىدۇ. رەتلىك ئۈنۈپ چىققان كۈزگى بۇغداي مايسىلىرى سوغۇقتا ئوسمىدەك كۆكىرىپ تۇرىدۇ. كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىغا، چىتەنلەرنى بويلىتىپ تىزىپ قويۇلغان ئالتۇنرەڭ يانتاق پەنجىلىرىدىن يات، ئۆزگىچە پۇراق تارقىلىدۇ. قىغ دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىۋالغان قىزىل تاجلىق خوراز شادىيانە قىچقىرىدۇ. دالا يالىڭاچ، دەرەخلەر يالىڭاچ، قىشنىڭ ئىزغىرىن شامىلى ياپراقلارنى، ئىسنى ۋە خورازنىڭ ئاۋازىنى ئۇچۇرتۇپ، نامەلۇم ياقلارغا ئېلىپ كېتىدۇ. . . مېنىڭ ئاشۇ مەنزىرىنى كۆرمىگىنىمگە نەقەدەر ئۇزۇن بولغان - ھە! شۇ تاپتا ئۆزۈمنى بالىلىق چاغلىرىمغا قايتقاندەك سېزەتتىم. يېزا كوچىسىدا يۈگۈرۈپ قىيغاتقۇم، كۆكتىكى كەپتەرلەرگە قاراپ ئىسقىرتقۇم كېلەتتى. تولىمۇ تونۇش، لېكىن ئۇزاقتىن بېرى كۆرمىگەن مەنزىرە. . .

ئىدارىمىزگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نۇقتىسىنىڭ بىر يىللىق خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈمىكىمىز كەنتنى ئارىلاپ يۈرۈپتۇ. بىر يىلدىن بېرى مۇشۇ نامرات كەنتكە بىر تۈمەندىن ئارتۇقراق مەبلەغ سالدۇق. ئىككى نەپەر كادىرىمىز بىر يىلدىن بېرى مۇشۇ يەردە نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى، ئىلھام بەردى. ئەقىل كۆرسەتتى. مانا ئەمدى، ئۇنىڭ نەتىجىسى قانچىلىك؟ بىز قانچىلىك يۆلىيەلىدۇق؟ ئۇلار نەچچە بالداق يۈكسەلدى؟ — بۇلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش زۆرۈر ئىدى.

ئاشۇ بىر كۈن ئىچىدە، رەسىمدىكىدەك تۈز، رەتلىك، قاتار - قاتار سالا ئېتىزلارغا، تونىنلىق ئېتىزلارغا ئىزىمىز چۈشتى. ئېتىز قىرلىرىدىكى سان - ساناقسىز ئۈجمىلەرگە كۆزىمىز چۈشتى. سېمونت تاختاي يېپىلىپ ياسالغان سۇ سىڭمەس ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سېمونت كۆۋرۈكلىرىدىن نەچچە قېتىم ئۇ ياققا، نەچچە قېتىم بۇياققا ئۆتتۇق. كىچىك

www.uyghurkitap.com



ماشىنىمىزنىڭ گۈللۈك چاقى يېڭى ئېچىلغان بوز يەرنىڭ يوللىرىغىمۇ نەقىش چەكتى. كەنتنىڭ ئون بىر نەپەر كادىرى بىزگە ھەمراھ ئىدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ ھارمىدى. مۇئاۋىن سېكرېتار، كەنت باشلىقى، مۇئاۋىن كەنت باشلىقى، پەن - تېخنىكىغا مەسئۇل كەنت باشلىقى، چارۋىچىلىققا مەسئۇل كەنت باشلىقى، پىلىچىلىككە مەسئۇل كەنت باشلىقى، پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل كەنت باشلىقى، يەر باشقۇرۇشقا مەسئۇل كەنت باشلىقى، ئاياللار جۇرنىنى، خەلق ئەسكەرلىرى روتىسىنىڭ كوماندىرى ۋە بوغالتىر قوشۇمچە قىلىپ ھارمىدى. بىز ئاڭلاپ ھارمىدۇق. جاپاكەش دېھقانلار شۇنچە يەرلەرنى تېرىپ، شۇنچە ئۇزۇن ئۆستەڭلەرنى ياساپ، شۇنچە بوز يەرلەرنى ئېچىپ، شۇنچە ئۇزۇن يوللارغا شېغىل تۆكۈپ ھارمىغان يەردە، بىز كۆرۈپلا، ئاڭلاپلا ھېرىپ قالساق قاملاشارمىدى؟ ھارمىدۇق، ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان يېڭىلىقلار، يۈكسىلىش، تەرەققىياتلار ھەققىدىكى ھېكايىلار بىزنى ھاردۇرمىدى... بىر يىل دېگەن قىسقىغىنە، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغان ۋاقىتقۇ، لېكىن ئاشۇ بىر يىل ئىچىدە، دېھقانلارنى قايسى ئىشنى ئورۇنداپ بولمىغان دەيسىز؟ ئۇلار ھەر بىر توپ كېۋەزنىڭ، ھەر بىر تال پىلە قۇرتىنىڭ، ھەر بىر چارۋا مالنىڭ قېشىغا نەچچە قېتىمدىن بارغاندۇ؟ سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ئۈچۈن، ئورۇق تىكىش ئۈچۈن، مايسا تاقلاش ئۈچۈن، ھارام پۇتاقلارنى ئېلىش ئۈچۈن، ئوغۇتلاش ئۈچۈن، سۇغىرىش ئۈچۈن، تۈۋىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن، ئەسكى يۆگىمەچنى يۇلۇش ئۈچۈن، قۇرت چۈشتىمۇ - يوقمۇ؟ قاراپ بېقىش ئۈچۈن، دورا چېچىش ئۈچۈن...

ساناپ بېقىڭا، زادى نەچچە قېتىمدىن بارغاندۇ؟... سېكرېتارنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن، قالغان ئون نەپەر كادىرنىڭ قوشۇمچە قىلىشىدىن بىلدۇقكى: پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا، تەبىئەت دېھقانلارنى ئۈمىدسىز قالدۇرماپتۇ. بۇغداي، قوناقتىن، پاختىدىن، پىلىدىن، مايلىقدانىدىن، مېۋە - چېۋىدىن، ئۈزۈمدىن، چارۋا - باقمىچىلىقتىن مول - ھوسۇل ئېلىنىپتۇ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم ئالدىنقى يىلدىكىدىن بىر كاللەك ئېشىپ، پىلان يۈز پىرسەنت ئورۇندىلىپتۇ. كەنتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تەستىقلىغان پىلانى بويىچە: بۇ يىل يىگىرمە پىرسەنت، كېلەر يىلى يىگىرمە پىرسەنت، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى يىگىرمە پىرسەنت ... نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇلماقچى ئىكەن.

بۇ يىل قۇتۇلدۇرۇلىدىغان يىگىرمە پىرسەنت ئائىلىنىڭ توقسان بەش پىرسەنتى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپتۇ. يەيدىغان ئېشى يېتەرلىك بولۇش، كىيىمى پۈتۈن بولۇش، ھەر بىر ئائىلىدە ئېشەك ھارۋىسى ۋە ئېشىكى بار بولۇش، بىر تۇياقتىن كالىسى بار بولۇش، ھەر نوپۇسقا ئۈچ تۇياقتىن قوي - ئۆچكە بولۇش تولۇق ئىشقا ئېشىپتۇ. جەمئىيەت ئامانلىقى مۇقىم، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى نورمال ئىكەن. مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەت يار بەرسە، پات - يېقىندىكى ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدە، كەنت نامراتلىقتىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىكەن...

سېكرېتار ھاياجان، ئىشەنچ ۋە ئازراق ئىپتىخارلىق بىلەن سۆزلەيتتى. ماختانغۇسى باردەك، لېكىن نېمىشقىدۇر ماختىنىشتىن تارتىنغاندەك قىلاتتى. ئاشۇ ھاياجان، ئاشۇ ئىپتىخارلىق قوشۇمچە قىلغانلارنىڭ ئاھاڭىدىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئاستا - ئاستا بىزگىمۇ تەسىر قىلدى. بىزنىڭ قەلبىمىزدىمۇ ھاياجان ۋە ئىپتىخارلىق باش كۆتۈردى. ئاشۇ نامرات دېھقانلار ئۈچۈن، ئۇلار نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندا، خۇشال بولماي تۇرالايمىزمۇ؟ ئۇلارمۇ ئەجرىگە لايىق قەنت چاقسۇن، ئىنساندەك ياشىسۇن ۋە كۈن ئۆتكۈزسۇن، پارتىيىنىڭ پارلاق سىياسىتىنىڭ نۇرىدا چۆمۈلسۇن... قەلبىمىزدە خۇشاللىق بىلەن ئاشۇ ئىستەك ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

پەقەت ھېلىقى نامراتلىقتىن قۇتۇلالماي قالغان بىر ئائىلە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانىنى يۈز پىرسەنت ئورۇندىشقا تەسىر يەتكۈزگەن بىر ئائىلە كۆڭلىمىزدە غەشلىك پەيدا قىلىپ تۇراتتى. ئەمدى خۇددى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانىنى يۈز پىرسەنت ئورۇندىدۇق» دەپ دوكلات قىلالمىغىنىغا ئوخشاشلا، بىزمۇ «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانىنى يۈز پىرسەنت ئورۇندىدۇق» دەپ دوكلات قىلالمايتتۇق. ئۇنىڭ بىر يىللىق ئەجىر — تىرىشچانلىقىمىزغا كۆلەڭگۈ چۈشۈرگەن سۈرەلىمىلىكى ئوغىمىزنى قايناتاتتى. مەن مۇئاۋىن ئۇمەك باشلىقلىق سالاھىيىتىم بىلەن سېكرېتاردىن ئاشۇ نامراتنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. كۆرۈپ بېقىش زۆرۈر ئىدى. تۇرمۇش ئەھۋالىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ تەلەتىنىمۇ كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى. سېكرېتار چوڭ يولدىن بۇرۇلۇپ بىزنى بىر يان كوچىغا باشلىدى.

2

— شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ بىر ئائىلىلا قۇتۇلالماي قالدى دېسىلە؟

— شۇنداق، ئاشۇ كاساپەت بېشىمىزغا بىر بالا بولدى. — سېكرېتار ئۇنىڭ قۇتۇلالماسلىقىغا ئۆزى ئەيىبكاردەك پەس ئاۋازدا سۆزلىدى:

— ھەر قايسىلىرى ئالدىدىمۇ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدىمۇ بىزنى يەرگە قاراتتى، ئەمدى مانا مۇكاپاتمۇ ئالالمايدىغان بولدۇق. . .

— ئىسمى نېمىتتى؟

— ئىسمى كېرەم، لەقىمى كىرپە.

— شۇڭا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالدىكەندە، قانداقراق ئادەم ئۇ؟

— نېمىسىنى دەيلا، راۋۇرۇس ئەمگەك كۈچى، ياش ئۆكۈزدەك بەردەم، پەقەت ئېشەكتەك جاھىل، ئاشۇ جاھىللىقىدىن قۇتۇلدۇرالمىدۇق ئۇنى، گېپىمىزگە كىرگەن بولسا. . .

— كىرپە تەشكىلنىڭ گېپىنى پەقەت ئاڭلىمايدۇ، — قوشۇمچە قىلدى كەنت باشلىقى: — ئالدىنقى يىلى كېۋەز تېرىيدىغان يەرگە زىرە تېرىپتۇ، بۇزدۇرۇۋەتتۇق. بۇ يىل يەنە كېۋەز ئارىسىغا ئانار كۆچىتى قەلەمچە قىپتۇ. ھەممىسىنى يۇلۇۋەتتۇق. قارىسىلا ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى، پاختا دېگەن دۆلەت پىلانىدىكى ئىش تۇرسا، مۇشۇنداق قىلسا بولامدۇ؟

— ھالىغا باقمايدىغان هارامزادە ئۇ: — ئەمدى قوشۇمچە قىلىۋاتقىنى مۇئاۋىن سېكرېتار ئىدى: — ئۆتكەن يىلى قىشتا چوڭ شەھەرلىكلەر ئىئانە قىلغان كىيىم - كېچەكتىن كەنتىمىزگە ئۈچ تاغار كىيىم بېرىلگەنىدى. كىرپىنىڭ ئائىلىسىگە ئىككى چاپان تەقسىم قىلىپ بەرسەك، ئالغىلى ئۇنىمىدى دېسىلە، ھەممىسى يېپىيېڭى، تېخى ياماق سېلىنمىغان پۈتۈن كاستۇم، تېخى «نېمە دېدى» دېمەملا، «مەن باشقىلارنىڭ كونا كىيىمىنى كىيىدىغان ھابدال ئەمەس» دېمەسمۇ، جۇلدۇر كىيەن تۇرۇقلۇق ھابدال ئەمەسمىش، مانا كۆرسىلە ئۇنىڭ گېپىنى. . .

— نەچچە نوپۇس ئۇنىڭ ئائىلىسى؟

— ئانىسى بىلەن قوشۇپ يەتتە نوپۇس، ئىككى ئوغلى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. بىرسىنى ئوقۇتۇپ، بىرسىنى ئەمگەككە سالسا، ئۆزىگىمۇ يېنىك بولاتتى. لېكىن ھەممىسىنى ئوقۇتۇۋاتىدۇ. كىچىك ئىككىسىمۇ كەنت مەكتىپىدە. بۇ ئىشقۇ سىياسەتكە ئۇيغۇن، لېكىن. . .

— كىرپىنىڭ دېيىشىچە: — قوشكېزەكلەرنىڭ بىرىنى ئوقۇتۇپ، بىرسىنى ئوقۇتمىسا تەڭسىزلىك بولارمىش. ئوقۇمىغىنىنىڭ كۆڭلىگە كېلەرمىش، تېخى بالىلىرىنى ئېختىساس ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرمەكچىمىش، ۋاي قوۋۇرغام سامساق. . .

— بالىسى قوشكېزەككەندە؟

— شۇنداق، خوتۇنى ئىككى قېتىمدا تۆتنى تۇغقان، ھەممىسى ئوغۇل، كۆرمەملا، «زەردارنى كالا باستى، نامراتنى بالا» دېگەن شۇ ئىكەن. . . — پۇل تېپىشقا ئېپى بولمىغان بىلەن بالا تېپىشقا خېلى ئېپى بار ئۇنىڭ، پىلانلىق تۇغۇت يولىغا قويۇلۇپ، خوتۇنى ئوپېراتسىيە قىلىنىۋېتىلمىگەن بولسا، يېزىمىزنى بالىغا كۆمۈۋېتەتتى ئۇ. . . — قوشۇمچە قىلدى چارۋىچىلىقتا مەسئۇل كەنت باشلىقى.

— ھەر نېمە بولسا پىلانلىق تۇغۇت يولىغا قويۇلۇپتىكەن: — سۆز قاتتى ئاياللار جۇرىنى.

كەنت كادىرلىرى بىرىنىڭ سۆزىنى بىرى تولۇقلايتتى. بەزىدە بىراقلا ئىككى ـ ئۈچى تەڭ سۆزلەپ كېتەتتى. لېكىن بۇ جاۋىلداش ئەمەس ئىدى. ئاشۇ سۆز ۋە تولۇقلىمىلاردىن نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان كېرەم كىرپە توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشقا بولاتتى.

قەدەملىرىمىز توختىمايتتى. چاۋا ـ چاتقال، ئەخلەت ـ غازاڭ، تولۇق تېزەك ۋە توپا ـ تۇمان ئارىلاشقان شېغىللىق يولىدىن چاڭ ـ توزان توزۇپ ئارقىمىزدا قالاتتى. كوچىدا ئوتلاپ يۈرگەن قوي ـ ئەچكە، توخۇ ـ ئۆردەك ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. كەپتەرلەر ئۈچۈپ كۆككە كۆتۈرۈلەتتى.

— كېرەم ئاخۇن يامان ئادەممۇ؟ مەن ئەسكى ئادەم ياكى يارىماس ئادەم دېمەكچىمەن. . .

— ئەسكى ئادەم دېگىلى بولماس، كەتمەننى راسا چاپىدۇ، لېكىن تەشكىلنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان تەرىپى بار ئۇنىڭ. . .

— نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىقىدىكى سەۋەب زادى نەدە؟

سېكرېتار سەل مەڭدەپ قالدى. باشقا ئون نەپەر كەنت كادىرلىرىمۇ سۆز قاتمىدى. ئۇلار «سەۋەب» توغرىسىدا ئىلگىرى ئويلاپ باقمىغاندەك قىلاتتى.

— ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيمىز؟ — ئاز سۈكۈتتىن كېيىن يەنە سېكرېتار ئېغىز ئاچتى: — يېرى ئاز، نوپۇسى جىق، جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇپ سېتىشتىن ئۆزگە ھۈنىرى يوق. . . سەۋەب مۇشۇمىكىن دەيمەن.

— ئاساسلىق سەۋەب: پارتىيىنىڭ، تەشكىلنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانلىقىدا، كىرپە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنمايدۇ. ئەقىل كۆرسەتسە ئاڭلىمايدۇ: — مۇئاۋىن سېكرېتار قوشۇمچە قىلدى. ئۇنىڭ قوشۇمچىسىدىن كېيىن كەنت كادىرلىرى بەس ـ بەستە قوشۇمچە قىلىشىپ كەتتى.

— توغرا، لېكىن ئۇ. . .

— پارتىيە ئۇنىڭغا يەر بەردى. لېكىن ئۇ. . .

— پارتىيە ئۇنىڭغا «نامراتلىقنى تۈگەت، باي بول» دەپ ئىلھام بەردى، لېكىن ئۇ. . .

— پارتىيە ئۇنىڭغا «دەسمىي قىلىپ پۇل تاپ» دەپ قەرز ئېلىپ بەردى. لېكىن ئۇ. . .

— نېمە قەرز؟ ئۇنىڭ يەنە قەرزى بارمۇ؟ — مەن سوئال قويدۇم كەينىمگە بۇرۇلۇپ. ئەڭ ئاخىرىدا سۆز قاتقان پەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل كەنت باشلىقى سوئالىمدىن كېيىن قەدىمىنى تېزلىتىپ ماڭا يېقىنلاپ كەلدى.

— مەن ھېلىقى ئايلانما مەبلەغنى دېمەكچى.

— قايسى ئايلانما مەبلەغ؟

— نامراتلارغا قوي ـ كالا ئېلىپ بەرگەن ئايلانما مەبلەغچۇ؟

— نەدىن تاپقان ئايلانما مەبلەغ؟

— بانكىدىن قەرز ئالغان ئايلانما مەبلەغ. . .

مەن گاڭگىراپ قالدىم. كېيىن سېكرېتارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ چۈشەندۈرۈشى ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى: يىل بېشىدا كەنت پارتىيە ياچېيكىسى مۇزاكىرە ۋە قارار قىلىپ، بىر تۈمەن قەرز ئاپتۇ. ئىدارىمىز ئىئانە قىلغان بىر تۈمەنگە قوشۇپ، ئۇنى «كەنتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئايلانما مەبلىغى» دەپ ئاتاپتۇ. قارار بويىچە ئۇلار بۇ پۇلغا كالا، قوي - ئۆچكۈ سېتىۋېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش پىلانلانغان ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىپتۇ. بۇ ياخشى چارە ئىكەن. بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققىلى بولىدىكەن. بىرى، نامراتلارنىڭ قوتىنىدىكى مالنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمىدىكى سانغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدىكەن. يەنە بىرى، كۈزدە پاختا ساتقان پۇلدىن تارقىتىپ بېرىلگەن قوي، كالىنىڭ پۇلىنى تۇتۇپ قېلىپ، داۋاملىق ئايلانما مەبلەغ قىلىپ ئىشلەتكىلى، كېيىنكى يىلى قۇتۇلدۇرۇلىدىغان نامراتلارغا قوي، كالا ئېلىپ بەرگىلى بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى ئىش يەنە شۇ تەرتىپ بىلەن داۋاملىشىدىكەن. . .

مەن ئازراق چۈشەنگەندەك بولدۇم، كەنت تەشكىلى ئېلىپ بەرگەن قوي، كالىنى ئۇبدان بېقىپ كۆپەيتسە؛ بىرىنچى يىلى ئىككى قوي تۆتكە، بىر كالا ئىككىگە كۆپىيىدۇ. ئىككىنچى يىلى تۆت قوي سەككىزگە، ئىككى كالا تۆتكە، ئۈچىنچى يىلى، سەككىز قوي ئون ئالتىگە، تۆت كالا سەككىزگە ئاۋۇيدۇ. گېئومېترىيىلىك پروگرېسسىيە هاسىل بولىدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ. تۆتىنچى يىلى ئون ئالتە قوي ئوتتۇز ئىككىگە، سەككىز كالا ئون ئالتىگە، بەشىنچى يىلى ئوتتۇز ئىككى قوي ئاتمىش تۆتكە، ئون ئالتە كالا ئوتتۇز ئىككىگە كۆپىيىدۇ. . . چارۋىچى كەسپىي ئائىلىگە ئايلىنىدۇ. هاللىق سەۋىيىدىن ئېشىپ باي بولىدۇ.

مەن هېس قىلدىمكى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تەسەۋۋۇرى كۆكتىكى لاچىنىدەك ئەركىن پەرۋاز قىپتۇ. چارىسىمۇ بولىدىكەن. پاختا ساتقان پۇلدىن تۆلىۋەتسىلا، قوي، كالا ئېلىپ بەرگەن يىلىلا قەرزدىنمۇ قۇتۇلۇپ قالىدىكەن. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، كېرەم كىرپە نېمىشقا نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىدىكىنە؟ ئېلىپ بەرگەن قوي - كالىنى سويۇپ يەۋەتكەنمىدۇ - يا؟

— كېرەم كىرپىگىمۇ قوي - كالا ئېلىپ بەرگەنمىدىڭلار؟

— ئېلىپ بەرگەن. قوتىنىدىكى مالنى بىراقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش سىزىقىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. لېكىن ئۇ نېمە قىلدى دېمەملا.

— سويۇپ يەۋەتتىمۇ؟

— ياق.

— سېتىپ خەجلىۋەتتىمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە نېمە بولدى؟

— ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئېلىپ بەرگەن قوي - كالىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى. تەقسىم قىلىنغان مالنى ئەكەتسۇن دەپ ئادەم ئەۋەتسەك، كەلمىدى. قايتا سۆيلىدۇق، يەنە يوق. يەنە «باقمايمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار ئاخىرى «باقساڭمۇ باقىسەن، باقمىساڭمۇ

باقىسەن» دەپ قوي، كالىنى ھويلىسىغا باغلاپ قويۇپ يېنىپ كەپتۇ. «ئاقىلغا ئىشارە، نادانغا جۇۋالدۇرۇز» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ئۇلار شۇنداق قىلساق، كۆنۈپ قالار دەپ ئويلىغانىكەن. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىنلا كېرەم كىرپىنىڭ ماللارنى يېتىلەپ كېلىپ، كەنت ئىشخانىسى ئالدىغا باغلاپ قويۇپ كېتىشىنى كىم ئويلىغان دەيلا، شۇنداق قىلىپ ماللارنى ئالغىلى ئۇنىمىدى. . .

— نېمە قىلغىنىكەن بۇ ئۇنىڭ؟

— كىم بىلىدۇ دەيلا، ئۆزۈم سۆزلەشتىم. كەنت باشلىقى سۆزلەشتى. سۆزلەشمىگەن ئادەم قالمىدى. چوڭقۇر ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىدۇق. كەنتنىڭمۇ ۋەزىپىسى بارلىقىنى، قوغلىشىدىغان شان - شەرىپى بارلىقىنى، ۋەزىپىنى ئورۇندىمىساق بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتۇق. ئۇزمۇ سۆزلىدۇق، سەتمۇ سۆزلىدۇق، ئۇنىمىدى. نېمە دەيدۇ دېمەملا، «ئىككى سەككىز - ئون ئالتە، كاللام بىلەن بېشىم بىر» — مۇشۇ بىرلا سۆزنى تەكرارلايدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە: قەرز دېگەن يىگىت بويىنىدىكى سىرتماقمىش. كىچىككىنە قەرزگە كىرىپ قالسا، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەسمىش، پاختا ساتقان پۇلدىن ئېشىنالىسا، ئۆزى قوي - كالا ئالماقچىمىش. . . شۇ كۈنلەردىكى ئاچچىقىمنى كۆرگەن بولسىلا، ھەيران قالاتتىلا. جاھىل كىرپىنىڭ ئاغزى - بۇرنىغا كومشۇتۇپ سالغۇم، يۈز - كۆزىگە تۈكۈرگۈم كەلدى. ئۆي - جايىنى يىغىپ، نوپۇستىن ئۆچۈرۈپ، كەنتتىن قوغلىۋەتكۈم كەلدى. لېكىن ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. . . باشقا ئادەم بولسىغۇ مەيلىتتى. ئانا تەرەپتىن ئېرىقىنىڭ نېمىچىلىك تۇغقان. شۇنىڭ يۈزىنى قىلدىم. . . قارىسىلا، ئۇنىڭ ئۆيىگىمۇ كېلىپ قالدۇق. ئاشۇ دوقمۇشتىكى ئەگۈن شۇ.

يول ياقىسىدا قوڭغۇراق تىكەن بىلەن قىزىل يۇلغۇن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان قوشۇما چىتەن سوزۇلۇپ باراتتى. يانتاق پەنجىلىرى چىتەن بويلىتىپ رەتلىك تىزىپ قويۇلغانىدى. قۇرۇق يانتاقنىڭ ھىدى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى. غازاڭ، توك تېزەك، چاۋا - چاتقال، توپا - توزان ئارىلاشقان شېغىللىق يول ئايىغىمىز تېگىدە شىرىقلايتتى. كېرەم كىرپىنىڭ شادلىق ئەگۈنى بىزگە يېقىنلاپ كېلەتتى. كۆزۈمگە نېمىدۇر بىر نەرسە كۆرۈنگەندەك بولدى. يەرگە — ئاشۇ شېغىللىق يولغا قارىغان بولسام كېرەك، غازاڭ، قۇمۇش پاسىرىنىڭ قىلچىسىمان ياپراقلىرى، يانتاق تىكەنلىرى، توك تېزەك ۋە شېغىل ئارىسىدىن كۆرۈپ قالدىم. مېڭەمدىن ئاشۇ نەرسىگە ئىنكاس قايتىپ، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چىققۇچە، پۇتلىرىم ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى. كەنت كادىرلىرى كەينىمدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتاتتى. توختاشقا ئامال يوق ئىدى. ئۆتۈپ كەتتىم. «تۇڭگان بوۋاي، پاپاخ كىيگەن زاڭزۇ خوتۇن، بەش . . . پۇل، بەش يۈەنلىك پۇل» راست پۇلنى كۆردۈممىكىنە؟ خىيالىي تۇيغۇ ئەمەستۇ؟ يولغا چۈشۈپ قالغان پۇل، نامراتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چۈشۈپ قالغان پۇل. . .

قەدەملەر ئالغا تاشلىناتتى. شېغىللىق يول شىرىقلايتتى. پۇتلىرىمىز جاھىل نامرات كېرەم كىرپىنىڭ پەس بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى. كۆڭۈللەردە مۇقەددەس بوسۇغىلاردىن مۇبارەك زىيارەت ئۈچۈن ئاتلىغان چاغدىكىدەك ئىكرام تۇيغۇسى يوق ئىدى. ئەكسىچە،

ئاچچىقىمىز، غەزىپىمىز بوغسۇيتتى. يۆلىسە يۆكسەلمىگەن، قۇتۇلدۇراي دېسە، قوتۇر ئاتتەك كەينىگە داجىغان ئاشۇ جاھىلغا تاپا قىلغىمىز كېلەتتى.

3



ئاشۇ كۈنى كېرەم كىرپىنىڭ ئاتىسىدىن قالغان، بارلىق كۆك قۇملۇقلارغا ئوخشاشلا، يۇلغۇن شېخىدىن قۇشام ئېتىپ، سېغىزلىق لاي ـ كاكۇل بىلەن سۇۋاپ سالغان پاكار ئۆيىدە يېرىم كۈن تۇرۇپ قالدىم. ئەسلى ئۇنىڭ ئاش-ئوزۇقىنىڭ يېتىدىغان ـ يەتمەيدىغانلىقىنى، قىشنى ئۆتكۈزەلەيدىغان ـ ئۆتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقۇشقاندىن كېيىن، باشقىلار بىلەن كېتىپ قالسامۇ بولاتتى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئاشۇ جاھىل نامرات بىلەن سۆزلەشكۈم كېلىپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ تەپسىلىي بىلگۈم، كۆڭلىدىكى جاھىلانە گەپلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغۇم كېلەتتى. يەنە ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرۈشنى، بىلدۈرۈشنى خالايتتىم. ئۇنىڭدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۇلۇغ سەپىرىدە قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالماسلىقنى، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلغۇم كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ، ھەمراھلىرىمنى تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزۈم قېلىپ قالدىم. پەلتۇيۇمنى سېلىپ، گورۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان مورا ئوچاقنىڭ يېنىغا ياكۇر تاشلىدىم. كېرەم كىرپە يۇلغۇندىن ـ بەقەمدىن چۈشكەن چوغلارنى پات ـ پات كولۇڭغا تارتىپ تۇراتتى. كولۇڭدىن چوغنىڭ ئىسسىقى ئۇرۇپ تۇراتتى. كېرەم كىرپە، كىرپىدەك دوغىلاق ئادەم ئەمەسكەن. ئورۇق، قاتمال، گەۋدىلىك، سېرىق كوس ئادەم ئىكەن. ئوتتۇرا بوي بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بېشىدىكى ئېگىز قاسقانلىق كۆرپە تەلپەك، ئۇنىڭ تاشلانمىغان ئاق جۇۋا ئىچىدىكى بويىنى ئېگىز كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ مېنىڭ ھېلى ھويلىدا ئەھۋال ئۇقۇشقاندا ياندىن قاراپ كۆرگەنلىرىم. ئەمەلىيەتتە، ھويلىغا كىرگەندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ باقمىغانىدىم. قارىغۇممۇ كەلمەيتتى. بۇ مېنىڭ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئۇنىمىغان ئاشۇ ئادەمگە غوم ساقلىغىنىم ئىدى. مانا ئەمدى نەزىرىمنى ئۇنىڭ چىرايىغا تىكتىم. ئوت يالقۇنى ئۇنىڭ ياداڭغۇ چىرايىنى، چاقان كۆزلىرىنى، يارىشىملىق سىم بۇرتىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. يالقۇن شولىسىدىنمىكىن، بۇرۇتلىرى مىس سىمدەك پارقىرايتتى. كۆزلىرىمۇ سېرىقتەك كۆرۈنەتتى. يۈزى سەل ئۇزۇنچاق، زاڭقىنىڭ چوڭلۇقى يۈزىنى ئاشۇنداق ئۇزۇنچاق كۆرسىتىپ تۇراتتى. پېشانىسىدە، كۆز قوۋۇقلىرىدا روشەن قوياش قورۇقى بار ئىدى. ھېلى ئەھۋال تونۇشتۇرۇشقانلىرىدا ئۇنى ئوتتۇز ئالتە ياش دېگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ قىرىق ـ قىرىق بەش ياشتەك كۆرۈنەتتى.

ئاشۇ بىر مىنۇتقا سوزۇلغان كۆزىتىشىمدە، ئۇنىڭ چىرايىدىن جاھىللىقىنىمۇ، غەرەز ئۇقماس تەتۈرلىكىنىمۇ، پوچى ـ ھارامزادىلىكىنىمۇ كۆرەلمىدىم. پۈتۈن كۆرۈنۈشى پەقەت بىرلا نەرسىنى ـ ئۇنىڭ دېھقان ئىكەنلىكىنىلا ئىپادىلەپ تۇراتتى. مېنىڭ قاراشلىرىمدا بولسا، «سەن زادى قانداق ئادەمسەن؟» دېگەن مەنا بار ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ مەنانى

www.uyghurkitap.com

سەزمەيتتى. يوغان، قاتمال قوللىرىدىكى لاخشىگىرگە تىكىلىپ، چوغلارنى قىسىپ، بىرىنى - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ماڭا قارىشىنى، ئاشۇ قارىشىدا «مەن بىلەن يەنە نېمە توغرىسىدا سۆزلەشمەكچى ئۆزلىرى؟» دېگەن سوئاللىق مەنانى ئىپادىلىشىنى كۈتەتتىم. لېكىن ئۇ كۆزلىرىنى كولۇڭدىن، لاخشىگىرنىڭ ئۇچىدىن يۆتكىمىدى. ئاشۇ ئولتۇرۇشىدا مېنىڭ قويۇلغۇسى سوئاللىرىمغا جاۋاب تەييارلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

شۇ كۈنى بىز بەك ئۇزاق سۆزلەشتۇق. كۈن ئولتۇرۇپ گۇگۇم پەردىسى يالىڭاچ يېزا ئۈستىنى ياپقۇچە سۆزلەشتۇق. كېرەم كىرپىمۇ ھەممە دېھقانلارغا ئوخشاشلا كەم سۆز ئادەم ئىكەن. سۆھبىتىمىز قىسقا دىئالوگ شەكلىدىن مونولوگ شەكلىگە زادىلا ئۆتەلمىدى. مېنىڭ سوئالىم ھەر قېتىم ئۇنىڭ قىسقا جاۋابى بىلەنلا ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئاخىرى ئۆزۈمگە ئۆزۈندىن - ئۆزۈن چۈشەندۈرۈشلەرنى بېرىشكە، نەقىل - مىسال كەلتۈرۈشكە، ھېكايە - تەمسىل سۆزلەشكە توغرا كەلدى. ئەپسۇس؛ ئۇنىڭ قاراشلىرى يىگىرمە بەش يىل كەتمەن چېپىپ چويۇندەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىدىنمۇ بەكرەك قاتمال ئىكەن. شۇنچە سۆزلىدىم قىلچىلىكمۇ ئۈنۈم بەرمىدى. ئۇنى قەرز ئېلىشنىڭ بىر خىل مەبلەغ كىرگۈزۈش ئىكەنلىكىگە، ئاشۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمىدىن كەملەپ قالغان كالا، قويىنى تولۇقلاشقا ئىشەندۈرەلمىدىم ۋە قايىل قىلالمىدىم. بارا - بارا ئۆزۈمنىڭ ئىدىيۋى - سىياسىي خىزمەت ئىشلەش تەجرىبەمدىن گۇمانلىنىپ قالدىم. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. باللىرى چوڭ بولۇۋالسىلا ئىشى ئاسانلىشىپ كېتىدىكەن. ئۇ ئوغۇللىرى توغرىسىدا سۆز چىققاندا، كەم سۆزلىكىنىڭ ئەكسىچە، ئوبدانلا ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلىدى. ئوغۇللىرىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. ھەتتا ئۈمىدلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنىمۇ سۆزلىدى.

سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا، گەرچە مەن ئۇنى دەرھال باي بولۇشقا قايىل قىلالمىغان بولسامۇ، لېكىن ئاشۇ جاھىل نامرات توغرىسىدا تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىمدىن مەمنۇن بولۇپ قالدىم. ئۇ نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇزىماقچى بولۇپ ھويلىغا چىققىنىمىزدا، مەن ئۇنىڭ چىرايىغا يەنە بىر قېتىم نەزەر سالدىم. ئۇنىڭ چىرايىدىن خاپىلىقىمۇ بىلىنمەيتتى. مەن ئاخىرقى سوئالىمنى قويدۇم:

— بىرەر تەلىپىڭىز يوقمۇ؟ مەسىلەن: بىز ياردەملىشىپ، ھەل قىلىشىپ بېرىدىغان ئىشلار. . .

— يوق. دېسەممۇ سىلەر ھەل قىلىپ بېرەلمەيسىلەر.

— ئاۋۋال دەپ باقمامسىز، ئامال ئىزدەپ كۆرمەيمىزمۇ؟

— ياق، دېگەننىڭ پايدىسى يوق.

مەن بەكلا قىستاپ كەتمىدىم. بۇ، بىرى: ئۇنىڭ جاھىللىقىنى بىلگەنلىكىمدىن، يەنە بىرى: ئەگەر راستىنلا بىرەر تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ قالسا، ھەل قىلىپ بېرەلمەي ئوسال ئەھۋالدا قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەنلىكىمدىن ئىدى. بىز ئەگۈننىڭ ئالدىدا خوشلاشتۇق. شۇ چاغدا، چۈشتە، مۇشۇ بوسۇغىدىن ئاتلاش ئالدىدا كۆرگەن ھېلىقى پۇل تۇيۇقسىز يادىمغا كەلدى. «بىرەرسىگە ئۇچرىغاندۇ، مەن كۆرگەننى باشقىلار كۆرمەي قالامتى؟» — شۇنداق ئويلىدىم مەن. لېكىن كۆزۈم يەردە. ئاشۇ توڭ تېزەك، چاۋا - چاتقال، غازاڭ - تىكەن، توپا - تۇمان ئارىلاشقان شېغىللىق يولدا ئىدى. بىر قەدەم، ئىككى قەدەم. . . بەش قەدەم، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. ھېلىقى پۇل: يەنىلا يولدا ياتاتتى. بەش يۈەنلىك پۇل، ئاق شاپاق دوپپىلىق تۇڭگان بوۋاينىڭ، ئاق پاپاخ كىيگەن زاڭزۇ ئايالنىڭ سۈرىتى بار پۇل. . . مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم. كېرەم كىرپە تېخىچە ئەگۈن ئالدىدا تۇراتتى. بوسۇغىدىن سىرتقا چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇش، مېھمان خېلى ئۇزاپ كەتكۈچە كەينىدىن

ھۆرمەت بىلەن قاراپ تۇرۇش — مانا مۇشۇ دېھقانلارنىڭ ئادىتى ئىدى.

— يولغا پۇل چۈشۈپ قاپتۇ. بەش يۈەنلىك پۇل.

— مەن ئۇنى تونۇغۇنلا كۆرگەن.

— كۆرگەن ئادەم نېمىشقا ئالمىدىڭىز؟

— ئۇ بىز چۈشۈرۈپ قويغان پۇل ئەمەس.

— ئۇچرىغاندىن كېيىن ئېلىۋېرىسىڭىز بولاتتىغۇ.

— مېنىڭ ئۆزۈمگە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىگە قول ئۇزىتىدىغان ئادىتىم يوق.

مەن ھاڭۋاققاندەك تۇرۇپلا قالدىم. نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. «ساراڭ دەيمۇ - دەلدۈشمۇ؟ بىغەرەز دەيمۇ - تەقۋادارمۇ؟» مېڭەمدىن ئاشۇ پىكىر كېزىپ ئۆتتى. لېكىن ئۇ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەس ئىدى. پەقەت جاھىل ئىدى. چويۇندەك قاتتىق جاھىل . . .

«خەلق پۇلىغا دۆلەت گېربىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئۇ ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ قالسا بولمايدۇ» — كاللامدىن ئاشۇ پىكىر كېزىپ ئۆتتى. «قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان بىرەر نامراتقا بېرەرمەن، ياكى سېكرېتارغا بېرىپ قويارمەن» . مەن ئېگىلىپ پۇلنى ئالدىم. پۇل يۈزىدىكى چاڭ - توزانلارنى ئاۋايلاپ قېقىشتۇردۇم. بېلىمنى رۇسلاپ كېرەم كىرپىگە قارىغىنىمدا، ئۇ كۈلۈمسىرەپ — جىلمىيىپ قاراپ تۇراتتى. چاقان كۆزلىرىدە ئۇچقۇن ۋىلىلدىغاندەك كۆرۈندى. يېيىلىپ كېلىۋاتقاندەك نېپىز گۈگۈمدا ماڭا راستىنلا ئۇ كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈندى. «ھۇ، كوررەك جوۋا، سەن مېنى مازاق قىلىۋاتامسەن؟»

مەن پۇلنى ئۆزۈم ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ئالمىغانىدىم. كۆڭلۈمدە ئۇنداق نىيەت زادىلا يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتىم. قىزىرىپ كەتكىنىم ئۆزۈمگىمۇ مەلۇم بولدى.

4

ئاشۇ قېتىمقى، ئىدارىمىزگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن نامراتلارنى يۆلەش نۇقتىسىدىكى بىر كۈنلۈك تەكشۈرۈشىمىز ئاخىرلىشىپ، قايتىپ كەلگىنىمىزگە ئىككى ئايدىن ئاشتى. قىشنىڭ قەھرىتان كۈنلىرى ئۆتۈپ، باش باھارنىڭ ئاجىز ئاپتىپى يېيىلدى. دەسلەپ ئويغانغان گۈلدار تاجىلىق ھۆپۈپ ئەسكى تاملارنىڭ تۆپىسىدە كۈشۈلدىدى. . . قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئاشۇ دەسلەپكى كۈنلەردە، نېمىشقىدۇر تەكشۈرۈشتىن ئالغان تەسىراتلىرىمنى زادىلا ئۇنتالمىدىم. كۆرگەنلىرىمنى، ئاڭلىغانلىرىمنى، ھېس قىلغانلىرىمنى رەھبەرلىككە، دوستلىرىمغا، تونۇش - بىلىشلەرگە سۆزلەپ بەرگۈم كېلىپلا تۇراتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ راسا قاتۇرۇپ تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىلدى. ياردەم قىلىنغان مەبلەغنىڭ جايىغا ئىشلىتىلگەنلىكى، پىلاندىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ 95 پىرسەنت ئورۇندالغانلىقى ئەسكەرتىلدى. قىشنى ئۆتكۈزەلمەيدىغانلار ۋە ئاش - ئوزۇقى يېتىشمەيدىغانلارغا دەرھال ياردەم بېرىش تەلەپ قىلىندى. دوستلىرىمغا، تونۇش - بىلىشلىرىمگە بولسا، پۇرسەت تاپسىملا سۆزلەپ بېرەتتىم. ھەممە يەردە سۆزلىگۈدەك، ھەممە كىشىلەرگە ھېكايە قىلىپ بەرگۈدەك يېڭىلىقلار ئىدى ئەمەسمۇ، بولۇپمۇ ھېلىقى جاھىل نامرات كېرەم كىرپە توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئېشەكتەك جاھىللىقى، بەگزادىدەك پوچى - ھاكاۋۇرلۇقى، قاراشلىرىنىڭ چويۇندەك قاتاللىقى ھەققىدە سۆزلەشنى ئۇنتۇمايتتىم. ئۇنىڭ ئاشۇ جاھىللىقى سەۋەبلىك زەيكۆل كەنتىنىڭمۇ، ئىدارىمىزنىڭمۇ ئىلغار باھالىنالماي قالغانلىقىمىزنى ئەسكەرتەتتىم. ئۇنى نادان، ئەخمەق، ساراڭ، دەلدۈش، كالۋا دەپ سۆپەتلەپ، ئاچچىقىمنى چىقىراتتىم. لېكىن نېمىشقىدۇر ئاشۇ جاھىلنىڭ ئەگىنى ئالدىغا چۈشۈپ قالغان بەش يۈەن پۇل ۋە ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ئېلىۋالغانلىقىمنى ئېغىزغا ئالمايتتىم. ئېغىزغا ئالغۇم كەلمەيتتى. نېمىشقائېغىزغائالغۇم كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم. . .

شۇنداق قىلىپ ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى ئاي دېگەنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئىكەن. تالاي - تالاي ئىشلارنى ئۇنتۇلدۇرالايدىكەن. ئەمدىگە كەلگەندە، مەن ئاشۇ ئىككى ئاينىڭ

ئالدىدىكى بىر كۈنلۈك تەكشۈرۈشنى، كەنتتىكى تەرەققىيات ـ يېڭىلىقلارنى، كېرەم كىرپىنى ئۇنتۇپ كەتكەندىم. ئۇلار راستتىنلا ئۇنتۇلغاندى. قايسى بىر كۈنى فەرىتىن سوققان شامالدەك، قايسىبىر يىلى ئېقىپ توختىغان تومۇ سۈيىدەك، قايسىبىر چاغدا قەلەندەرگە بېرىلگەن سەدىقىدەك ئۇنتۇلغانىدى. ئۇلار مەڭگۈگە ئۇنتۇلغانمۇ بولاتتى. لېكىن شۇ بۈگۈن كۆرگەن گېزىت خۇددى شامالدەك ئۆچكەن ئوتنى يۈلەپ قويدى. ئۆچكەن چوغنى يېلىنجاتتى. گېزىتتە تۆۋەندىكىلەر يېزىلغانىدى:

«ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان ئەزىمەتكە بارىكاللا»

«ھۆرمەتلىك تەھرىر:

مەن بىر ئاددىي تىجارەتچى، ناھىيە بازىرىدا مال سوبۇپ ساتىدىغان قاسساپ، بۇ يىل بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى مەن كۆكتۇم يېزىسىنىڭ بازىرىغا بورداق مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن بارغاندىم. نىيىتىم كۆپرەك قوي سېتىۋېلىپ، كېلىۋاتقان روزى ھېيت كۈنلىرى گۆش بازىرىنى يەنىمۇ ئاۋاتلاشتۇرۇش ئىدى. ئەپسۇسكى، كېلىشمەسلىكنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى كىم ئويلىغان دەيلا، يولدا كېتىۋېتىپ قوي سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان ئون مىڭ ئىككى يۈز يۈەن پۇلۇمنى دىققەتسىزلىكتىن چۈشۈرۈپ قويۇپتىمەن. پۇلۇمنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى، بارلىق دەسمايەمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى بىلگىنىمدە، يەر ـ زېمىن ئاستىن ـ ئۈستۈن بولغاندەك تۇيۇلدى. يىغلىدىم، قاقشىدىم. ھەممە ئۈمىدىم ئۈزۈلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ قويۇش ئۈچۈن يېزىلىق ساقچى پونكىتىغا باردىم. ئۇ يەردە مېنى نېمە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ دېمەملا. مەن دەل تاشلانمىغان كۈررەك جۇۋا كىيگەن بىر ئادەمنىڭ يوقاتقان پۇللىرىمنى ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتىمەن. خۇشاللىقىمدىن يۈرەكلىرىم ئويناپ كەتتى. ئاشۇ يەردە بىلدىمكى، ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ، كۆز قىرىنى سالمايدىغان بۇ ئەزىمەت، كۆكتۇم يېزا زەيكۆل كەنتلىك كېرەم ئاخۇن (كىرپە) دېگەن ئادەم ئىكەن. ئۇ بازارغا ئوتۇن ساتقىلى كېلىۋېتىپ مېنىڭ سومكامنى تېپىۋاپتۇ ۋە ئىچىدە پۇل بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇدۇل ساقچى پونكىتىغا ئېلىپ كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن مىڭ يۈەن سۇيۇنچە تەڭلىدىم. ئالغىلى ئۇنىمىدى. قانچە قىلساممۇ ئالمىدى. ئاخىرى «باللىرىڭىزغا ھېيتلىق بولسۇن» دەپ ئىككى يۈز يۈەن تەڭلىسەممۇ ئالمىدى... مەن چۈشەندىمكى، ئۇ قەلبىدە مەنىۋى مەدەنىيەت گۈللىرى پۇراق چاچقان ئادەم ئىكەن. ئادەملەرنىڭ ئېسىلى، مەردلەرنىڭ مەردانىسى ئىكەن...

خەتنىڭ ئاخىرى رەھمەت، ئاپىرىن، بارىكاللا، ھەشقاللا، تەھسىن جۈملىلىرىگە توشقانىدى. مەن گېزىتنى تۇتقان پېتىم ئولتۇرۇپلا قالدىم. ئىشەنمەسلىككە ئىلاجى يوق ئىدى. ئادرېسى، ئىسمى ھەتتا لەقىمى ئېنىق تۇرغان يەردە، ئىشەنمەي بولاتتىمۇ؟ ئەڭ مۇھىمى، بۇنداق ساراڭلىق قىلىش پەقەت ئاشۇ جاھىلنىڭلا قولىدىن كېلەتتى. مەن ئىشەندىم. ئۇ راستتىنلا ھېلىقى بىر كۈنلۈك تەكشۈرۈشتە قەلبىمدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، مەن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆزلەشكەن جاھىل نامرات كېرەم كىرپىنىڭ ئۆزى ئىدى...

شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ گېزىت، مېنىڭ ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان ۋە مەڭگۈ ئۇنتۇلىشى مۇمكىن بولغان ئەستىلىكلىرىمنى يېڭىلاپ قويدى. قورۇغان قىياقنى باھار ئاپتىپىدەك ياشارتتى. كۆز ئالدىمدا كېرەم كىرپىنىڭ سېرىق كوس چىرايى، سىم بۇرۇتلىرى گەۋدىلەندى. مەن ئۇنى يەنە ئۇزۇنغىچە ئۇنتۇيالمايدىغاندەك قىلاتتىم. راستتىنلا ئۇنتۇيالمايتتىم. قەلبىم بولسا، «ھۇ، ساراڭ، خۇدا بەرگەن ئامەتنى قوبۇل قىلمىغان ساراڭ، سەن ئۆمۈر بويى ئاشۇ جاھىللىقىڭ بىلەن ئۆتىدىغان ئوخشايسەن!» دەپ خىتاپ قىلاتتى.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئابلىز ھەسەن

# سۆيگۈ سىنىقى

(ھېكايە)

چۈشتىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىنقىلابىي مۇزېيخانىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا بارغانىدۇق. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ساۋاقداشلار تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كېتىشتى. مەن نەبى بىلەن بىللە ئىدىم. بىردەمدە ئۇنىمۇ يوقىتىپ قويدۇم. شۇنچە ئىزدەپمۇ ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. بەلكىم ئۇمۇ مېنى ئىزدەپ تىت - تىت بولۇۋاتقاندۇ. كەچ كىرىپ قالاي دەۋاتاتتى. ئامالسىز ئۆزۈم يالغۇز قايتىشقا توغرا كەلدى. ئۇنى ئۇچراپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئۇياق - بۇياققا قاراپ كېلىۋاتاتتىم. ئۇدۇلۇمدىكى بېكەتتە توختىغان كوچا ئاپتوبۇسىنى كۆرۈپ ئۈلگۈرەلمەي قېلىشتىن ئەنسىرەپ يولنى توغرىسىغا كېسىپلا يۈگۈردۈم. ئەمدىلا ئىككى قەدەم ئېلىشىمغا، ئىتتىك كېلىۋاتقان كىچىك ماشىنا بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. جىددىي تورمۇز ئاۋازىدىن ھودۇقۇپ كېتىپ ئورنۇمدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قاپتىمەن. ئاڭغىچە ماشىنا ئەينىكىدىن كۆزەينەك تاقىۋالغان شوپۇرنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ ماڭا بىر نەچچە دەقىقە دىققەت بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئىتتىكلا ئىشىكنى ئېچىپ ماشىنىدىن چۈشتى.

— كەچۈرۈڭ خېنىم، — دېدى ئۇ كۆزەينىكىنى ئېلىۋەتكەچ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. شۇندىلا مەن ئۇنىڭ ئۇيغۇر يىگىتى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ كىنو چولپانلىرىغا ئوخشاش، تەن قۇرۇلۇشى ناھايىتى كېلىشكەن، سۇمباتلىق يىگىت ئىكەن، — ھېچنېمە بولمىغانسىز؟ — ئۇنىڭ تەلەپپۇزى شۇنچىلىك يېقىملىق ۋە قىزغىن ئىدى. مەن نېمە دېيىشىمنى ئۇقالمايلا قالدىم. ئاپتوبۇس ئاللىقاچان قوزغىلىپ بولغانتى — ھېچقىسى يوق. مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي — دېدى ئۇ مېنىڭ ماشىنىسىز تۇرغان بېكەتكە قاراپ تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقىمدىن بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ.

— بولدى رەھمەت، مەن يەنە بىر دەم ساقلاي.

— ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسىز نېمە؟ مەكتىپىڭىزگە خېلى ئارىلىق بار. كەچ قالىسىز، چىقىۋېلىڭ.

— سىز مېنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىمنى بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدىم ئۇنىڭ گېپىدىن ھەيران بولۇپ.

— بىلىمەن، سىز مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، — ئۇ ماڭا لەپپىدە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى - مەيدىڭىزدىكى ئىزناك ماڭا ھەممىنى دەپ بەردى.

چۈشتىن كېيىن كوللېكتىپ پائالىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىمىز مەكتەپ ئىزنېكىنى تاقىۋالغانىدۇق.

— كۆزىڭىز بەك ئۆتكۈركەن، ئۆزىڭىز نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سورىدىم مەنمۇ قىزىقىپ.

— قېنى ماشىنىغا چىقىڭ. ئاندىن دەپ بېرىمەن.

مەن سەل ئىككىلىنىپرەك ئۇ كۆرسەتكەن ئورۇندا ئولتۇردۇم. ماشىنا قوزغىلىشى بىلەن خىيالىم نەبىدە قالدى. ئۇ مېنى ئىزدەپ نەلەردە يۈرىدىغاندۇ، قايتىپ كېتەلىگىنىمنى بىلسە بولاتتى.

— سىز دەپ بېقىڭە، مەن نېمە ئىش قىلىدىغاندەك تۇرىمەن، — يېنىمدىكى يىگىتنىڭ گېپى خىيالىمنى بۆلدى.

— كىم بىلىدۇ، ئۇچىغا چىققان ئالىقاناتنىڭ بىرىمۇ سىز تېخى!

بۇ گېپىم بىلەن ئۇ شۇنداق ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى. كۈلكىسى بىلەن تەڭ ئاپئاق ياقىسىدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بوغدىيىكى ئېگىز - پەس لىڭشىلداپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ماڭا دادامنىڭ ياش ۋاقتىدىكى بىر پارچە رەسىمىنى ئەسلەتتى. ئۇ مەن تۇغۇلماستىنلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. ئۇنىڭ ئاشۇ رەسىمى - ئۇنىڭ ئاپام ئىككىمىزگە قالدۇرغان بىردىنبىر يادنامىسى ئىدى. مەن ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بوغدىيىكىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم. بىردىنلا

كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قالدى. ئاپام بىچارە مېنى دەپ پۈتۈن ئۆمرىنى تول ئۆتكۈزدى. ئۇ مېنى دەپلا ياشايتتى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگەندىم. ئەينى يىللاردا دادام ئوقۇغان بېيجىڭغا كېلىپ ئوقۇۋاتىمەن. ھازىر ئاپام ئۆزى يالغۇز، كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقاندۇ؟ . . .

— كەلدۇق — ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچتى. قارىسام مەكتەپكە يېتىپ كەپتىمىز. مەن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ بولۇشۇمغا ئۇنىڭ «ئىسمىڭىزنى سورىسام بولامدۇ؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭغا قاراپ بىر دەقىقە ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن راستىنى ئېيتتىم:

— شەھىدە.

نەبى بىلەن كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا مەكتەپ چىملىقىدا كۆرۈشتۇم.

— سېنى ئىزدەپ تېخى ھازىر كېلىشىم. ھۇ سېرىق سۇن ۋۇكۇڭ! (ئۇ ئاز تولا ئاچچىقلاپ قالغان چاغلىرىدا مېنى شۇنداق ئاتايتتى) نەلەردە يۈردۈڭ ئادەمنى ئەنسىرىتىپ؟!

مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدىم. شۇ تاپتا يىغلىغۇملا كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىسسىقتىن تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن بۇغداي ئۆڭ چىرايىغا، ماڭا كۆيۈنۈش ھەم مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان قوي كۆزلىرىگە ھۆرمەت بىلەن قارىدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن كىچىكىمدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. ئۇلار بىزگە تام قوشنا ئىدى. بىز بىر قېرىنداشلاردەك شۇنداق ئىجىل ۋە ئامراق ئىدۇق. تاتلىق بالىلىقتا ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ، گۈزەل ياشلىقتا قەدەم قويغان چاغلىرىمىزدا مەن ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئۇ مېنىڭ تايانچىم، شادلىقىم. ھاياتىمنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىدى. «گۈلۈم، — دەيتتى ئۇ دائىم ئۇتتەك قىزىق ئالىقانلىرى بىلەن مەڭزىمنى سىلاپ تۇرۇپ ـ سەن بۇ دۇنياغا مەن ئۈچۈنلا يارالغان، سەن مېنىڭ بولىسەن شۇنداققۇ؟» بۇنداق چاغلاردا مەن ئۇنىڭ قاۋۇل، بېجىرىم مەيدىسىگە بېشىمنى قويۇپ، گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى تىڭشىغاچ بەختتىن مەست بولاتتىم. ئانام ئىككىمىز ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلاشقانىدۇق. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىمۇ بىزنىڭكىدىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى. جان سانى كۆپ، يەنە كېلىپ نەبى ئۆينىڭ چوڭى ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بەك ياخشى ئادەملەر ئىدى. ھەر قانداق ئىشتا ئانام ئىككىمىزنى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك كۆرەتتى.

— خاپا بولۇپ قالدىڭمۇ شەھىدە؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى يەر تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۆزۈمنى ئۇن سېلىپ يىغلىۋېتىشتىن ئاران تۇتۇپ تۇرىۋاتاتتىم. ئۇ خۇددى ھازىرلا يوقاپ كېتىدىغاندەك، ئۇنى چىڭگىدە قۇچاقلىۋالدىم.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. شەنبە كەچتە ياتاقتا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، قىزلاردىن بىرەيلەن، «سىزنى پەستە بىرى چاقىرىۋاتىدۇ» دەپ كىرىپتۇ. بىنادىن چۈشسەم، ھېلىقى كۈنى مېنى ئەكىلىپ قويغان يىگىت ئىكەن. ئۇنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. ئۇ بۈگۈن بۆلەكچىلا چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. قارا كۆك كاستۇم بىلەن ئالما ئۇرۇقى رەڭگىدىكى چېكىتلىك گالستۇكى ئاق سۇزۇك چىرايىغا بەكمۇ ياراشقانىدى.

— بۇ يەردىلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟

— پۈراپچۇ. سىزنى تاپماي قويمايمەن دېگەن ئىرادىگە كەلگەنتىم.

— ھاھ. . . ھاھ. . . ھا. . . بەك قىزىق گەپ قىلدىڭىز.

ئۇ مېنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. قانچە رەت قىلساممۇ ئۇ بەكلا چىڭ تۇرىۋالدى. ئامالسىز ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدۇم. تاماق ۋاقتىدا ئۇ ماڭا ئىسمىنىڭ مۇتەللىپ ئىكەنلىكىنى، ئىقتىساد كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، دادىسى ئاچقان شىركەتتە ئىشلەۋاتقانلىقىنى دەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە دادىسى بېيجىڭدا خېلى يول تاپقان كارخانىچى ئىكەن.

— ئەتە يەكشەنبىنى بىللە ئۆتكۈزسەك قانداق، بىر نەچچە دوستلىرىمنى چاقىرىپ قويغانىدىم. سىزمۇ قىزلاردىن بىر ئىككىنى باشلاپ چىقارسىز — دېدى ئۇ قايتىدىغان چاغدا.

— بۇنىڭدا قانداق بولار، مەن. . .

— سىز تېخىچە ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ شۇنداق پۇتۇشتۇق ئەمسە، ئەتە مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلايمەن. خەير!

مەن بىر نەرسە دېگۈچە ئۇ بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. ياتاققا كىرىپ ئۇزاق ئويلاندىم. ئاخىر دوستۇم ئادىلەگە مەسلىھەت سالدىم. ئۇ «ئۇياقنىڭ

ياخشى كۆڭلى. رەت قىلسالىڭ ئەدەپسىزلىك بولۇپ قالار. بىراق، بۇ ئىشنى نەبىگە ئۇقتۇرمايلى، ئۇ ئاڭلىسا خاتا چۈشىنىپ قالىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئارىمىزدا خېلى ئىش ئۇقىدىغان زەمىرەنى چاقىرتۇلىپ، ئەتىسى ئۈچىمىز بىللە چىقتۇق. مۇتەللىپمۇ ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ كەپتۇ. ئۇلار ماشىنىسى بىلەن بىزنى شەھەر ئايلاندۇردى. كەچقۇرۇن شەھەر سىرتىغا چىقىپ دالا تامىقى ئېتىپ يېدۇق. (ئوغۇللار ئالدىنئالا تەييارلىق قىلىپ قويغانىكەن) قورۇمىلارنى پۇتۇنلەي مۇتەللىپ ئۆزى قورىدى. پىتنى بۇزماي يۇرىدىغان بۇ بايۋەچچىنىڭ مۇنداقمۇ ھۈنىرى بارلىقىغا ھەيران قالدىم.

بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن دوستلىرى ئۇنى ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشتى. ئۇ تەكەللۇپ قىلمايلا گىتارنى قولىغا ئېلىپ، ئۇزۇن، ئىنچىكە بارماقلىرىنى تارىلار ئۈستىدە ئەركىن ھەرىكەتلەندۈرۈشكە باشلىدى. مۇڭلۇق، يېقىملىق مۇزىكا نازۇك تۇيغۇلىرىمنى ئويغىتىپ، مېنى لىرىك ھېسسىياتلار قاينىمىغا سۆرەپ كىردى. كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

سېنى قاچان ئۇچراتتىم جانان،
ئارامىمنى بۇزدى چۈشلىرىڭ.
بىر قىيا باق كۆرۈپ يېتىسەن،
قارىچۇقۇمدا قاتقان سۈرىتىڭ.

. . . . . . . . . . . . . . . . .

ئۇنىڭ ناخشىسى مېنى سېھىرلەپ قويغاندەك بۇ سورۇننى، ھەتتا ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ ناخشا بىلەن بىللە ئاجايىپ رومانتىك بىر دۇنياغا كېتىپ قاپتىمەن. ئۇ ناخشىنى ھەقىقەتەن ياخشى ئېيتىدىكەن. خۇددى ئۆزى قورىغان قورۇمىلاردەكلا. سەزگۈلىرىم لىرىك ھېسلار قاينىمىدا يېنىك چايقىلاتتى. ئۆزۈمنى سامادا ئۇچىۋاتقان قۇشتەك سەزدىم. شۇ ھالەتتە قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا ئېسىمنى يىغسام، مۇتەللىپ ئاللىقاچان ناخشىسىنى تۈگىتىپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— شەھىدە، سىز ئۆزىڭىزنىڭ نەقەدەر چىرايلىق ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەمسىز؟ مەن... مەن سىزنى...

— سىز مەست بولۇپ قاپسىز مۇتەللىپ.

ئۇنىڭ ئىچىملىك تەسىرىدىن قىزىرىپ خۇمالاشقان كۆزلىرىنىڭ تىكىلىشىگە بەرداشلىق بېرەلمىدىم. پۇت - قوللىرىم بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى. يۈرىكىم گېلىمغا كەپلىشىپ قېلىۋاتقاندەك، تىنىقىم يېتىشمەيلا قالدى. ئۇنىڭ قولۇمنى تۇتۇۋالغانلىقىنى سېزىپ، ئىرغىپلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. تۇۋا! مەن نېمە بولۇۋاتىمەن. نەبىدىن باشقا ھېچ ئەركەكنىڭ ئالدىدا بۇنداق ھېسسىياتتا بولۇپ باقمىغانىدىم. ئەجەبا مەن ئۇنى...

— مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە. ئالما يەڭ.

مۇتەللىپ بىر تال ئالمىنى تەڭلىگىنىچە كەينىمدە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئالما، مەن ئالمىنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، بۇ مىجەزىمنى بىلگەچكە، نەبى دائىم ماڭا ئالما ئېلىپ بېرەتتى. قىپقىزىل ئالمىغا قاراپ، كىچىك چاغلىرىمدا نەبى بىلەن بىللە ئالما ئوغرىلاپ يېگەنلىرىم ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بىر قېتىم ئۇ قاسىم جودانىڭ بېغىدىن ماڭا ئالما ئاچىقىپ بېرىمەن دەپ تۇتۇلۇپ قېلىپ، تازا تاياق يېگەنتى. شۇ چاغدا ئۇ يوشۇرۇپ قالغان بىر تال ئالمىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ ماڭا تەڭلىگەندە، مەن يىغلىۋەتكەنتىم. ئۇ مېنى رەنجىتىپ قويغان چاغلىرىدىمۇ ئالما بىلەن كەچۈرۈم سورايتتى. ئۇ بولمىسا، بۇ ئالمىنى قانداق يېيەلەيمەن!؟ ئېھ. ئۇنى بىردىنلا كۆرگۈم كېلىپ قالدى. ئۇ ھازىر نېمە قىلىۋاتىدىكىن، مېنى ئىزدەۋاتامدىكىن. دەرھال قايتىش قارارىغا كەلدىم. ئۇلارنىڭ تۇسۇشلىرىغا پەرۋا قىلمىدىم. ھەممىسى كەيپى ئۇچقان ھالدا مېڭىشقا تەييارلاندى.

قايتىپ كېلىپ ئۇنى مەيداندا توپ مەشىق قىلىۋاتقان يېرىدىن تاپتىم.

— سىزنى قىزلار بىلەن بازار كۆرگىلى كەتتى دېگەنتى. ياخشى ئويناپ كەلدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئۇ تەرلىرىنى سۈرتكەچ. مەن ئۇنىڭغا قولىياغلىقىمنى بېرىپ، بېشىمنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدۇم.

شۇ كۈنى مۇتەللىپنى چۈشەپ قاپتىمەن. ئۇ ماڭا ناھايىتى قىممەت باھالىق ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك سوۋغا قىپتۇدەك. يەنە تېخى ماڭا توي قىلىش تەكلىپى قويۇپتۇ. بۇ چۈشنى نەچچە كۈنگىچە ئويلىنىپ يۈردۈم. راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا - ھە! تۇرۇپلا بۇ خىيالغا كېلىپ قالغىنىمغا ئۆز - ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم. مېنى چىن يۈرىكىدىن سۆيىدىغان ۋاپادار ئادىمىم تۇرسا. مەن

قانداقمۇ ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلاي! ؟

شۇنىڭدىن كېيىن مۇتەللىپ نەچچە قېتىم مېنى ئىزدەپ كەلدى. بىراق مەن قىزلارغا «يوق دەڭلار» دەپ قويۇپ كۆرۈشمىدىم. لېكىن، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەي دەپ شۇنچە تىرىشساممۇ مۇمكىن بولمىدى. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقان چاغدىكى تىترەڭگۈ ئاۋازى، ئالما تەڭلەپ تۇرغان چاغدىكى ئوتلۇق كۆزلىرى، قاڭشارلىق بۇرنى ئاستىدىكى قاپقارا يارىشىملىق بۇرۇتى زادى خىيالىمدىن كەتمەيتتى. شۇ كۈنى ئۇ ماڭا: «ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مۇشۇ يەردە قېلىشنى خالىسىڭىز مەن ياردەم قىلىمەن. بىز بىللە ئىشلەيمىز. ماڭا ئىشىنىڭ، ھەممە ئىشلىرىڭىزغا ئۆزۈم ئىگە بولىمەن» دېگەنىدى. كىممۇ مۇشۇنداق چوڭ شەھەردە قېلىشنى خالىمىسۇن. يەنە كېلىپ مۇتەللىپتەك... كىچىك چاغلىرىمدا نامراتلىقتىن قىسىلىپ قالساق، پۇلدار ئادەملەر قانداق بولىدىغاندۇ، كۆپ پۇلى بولسا ئادەم قانداق بەختلىك - ھە! دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. ئانامغا ئاخىرقى ئۆمرىدە بولسىمۇ راھەت كۆرسىتىش ئارزۇيۇم بار ئىدى. يۇرتقا كەتسەڭ نېمە بولماقچى، نەبى كىچىك ئۇكىلىرىنى ئوقۇتۇشى كېرەك. ھە قاچان شۇ يېزىدا بىر ئۆمۈر جاپا بىلەن ئۆتۈپ كېتىمىز.

يېقىنىڭياقى نەبى بىلەنمۇ كۆپ ئارىلاشمايدىغان بولۇپ قالدىم. بىر قارارغا كېلەلمەي دىلغۇل بولۇۋاتقانلىقىمنى قىزلارمۇ ھېس قىلغان بولسا كېرەك. بىر كۈنى ياتاقدىشىم رەيھان:

— شەھىدە، قارىسام ئۇ بالا سىزنى راستىنلا ياخشى كۆرىدىكەن. نەچچە كۈن بولدى، ئۇ كۈندە مۇشۇ يەردە. ئۇنىڭغا ئىچىممۇ ئاغرىپ قالدى. نەبىمىغۇ ياخشى بالا بىراق، تۇرمۇشتا ئىقتىسادىي ئامىلمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ تەرىپىنى ئويلاپ كۆرسىڭىز... — دېدى.

— يەنە نېمىگە ئويلىنىدۇ، — دەپ گەپ باشلىدى ئادىلە قولىدىكى كىتابىنى ۋاراقلاۋېتىپ — نەبى ئالتۇندەك يىگىت. دوستۇم، بەختىڭنى قولدىن چىقىرىپ قويما يەنە. سېنى نەبىدەك ياخشى كۆرىدىغان يەنە بىرى چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

— ۋاي - ۋۇي، نېمىگە تالىشىسىلەر، — ئەينەككە قاراپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان زەمىرەمۇ گەپكە ئارلاشتى - ھازىر دېگەن قايسى زامان؟ يەتمىشىنچى يىللاردا قىزلار ئىشچىنى تاللاپ تېگەتتىكەن. سەكسىنىنچى يىللاردا ئالىي مەكتەپ بالىلىرى بىلەن توي قىلىدىغان بولدى. بۇ دېگەن توقسىنىنچى يىللار. ھازىر قىزلار بايۋەچچىلەرنى، پۇلدار خوجايىنلارنى تاللاپ مۇھەببەتلىشىۋاتامدۇ. مۇتەللىپنى ئالايلى، ئۇنىڭ ھەممە شارائىتى تولۇق. يەنە كېلىپ ئۇ شەھىدەنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز قىزلار ھەمىشە ئەقىدە - ساداقەت دەپ يۈرۈپ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز نابۇت قىلىمىز. كىم بىلىدۇ، نەبىمۇ قانچىلىك ئادەم بولىدۇ،— ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى— يۈرۈپ باققانىڭ زىيىنى يوق شەھىدە. بىر ھېسابتا بۇ نەبى ئىككىڭلارغا بىر سىناق. قېنى، بىر سىناپ كۆرمەمسەن. بۇ كېيىنكى بەختىڭ ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەتىسى مۇتەللىپ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ مېنى كۆرۈپ بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ يەنىلا ئادەمنى ئەيمەندۈرگۈدەك دەرىجىدە شۇنداق پاكىز ۋە رەتلىك كىيىنىۋالغانىدى.

— سىزنى ئەمدى مەن بىلەن كۆرۈشمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ بەك ئازابلانغانىدىم. بىلەمسىز، سىز بولمىسىڭىز كۈنلىرىمنىڭ مەنىسى بولمايدۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇنى رەت قىلمايدىغان بولدۇم. ئارىلىشىشىمىز كۆپەيگەنچە ئۇنى بارا - بارا ياقتۇرۇپ قېلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ مۇھەببىتى ماڭا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، يېڭى بىر دۇنيا ئاتا قىلماقتا ئىدى. شۇ كۈنلەردە نەبىنىڭ نەچچە قېتىملىق تەكلىپلىرىنى رەت قىلىۋەتتىم. كېيىنچە ئۇمۇ مېنى ئىزدىمەس بولدى. سىنىپلاردىمۇ ئۇنىڭ باش كۆتۈرمەي بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتىم. ئالدىغا بېرىپ سۆزلىشەي دېسەم، تىلىم كۆيەتتى. شۇڭلاشقا ئۇنى ئامال بار كۆرمەسلىككە تىرىشاتتىم. ئەمما، يالغۇز قالسام ئۇ خىيالىمغا كىرىۋالاتتى. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بەلكىم مەن خاتالىشىۋاتقاندىمەن. دوستۇم ئادىلەمۇ مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك مەندىن رەنجىپ يۈرىدۇ. مەن نېمىشقا ھەممىنى قۇربان قىلىپ مۇتەللىپكە ئەگىشىمەن؟ مەن بۇرۇنقى شەھىدەگە ئوخشىمايلا قالدىم، زادى نېمىشقا؟

بۈگۈن تۇغۇلغان كۈنۈم. كېچىچە ئويلىنىپمۇ بىر قارارغا كېلەلمىدىم. ئەتىگەندە مۇتەللىپ بىر دەستە گۈلنى كۆتۈرۈپ مېنى تەبرىكلەپ كەپتۇ. گۈلنى ئېلىۋېتىپ كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى. نەبىمۇ گۈل تۇتۇپ كېلىپ قالىدىغاندەك ئەتراپقا

بويۇنداپ قارىدىم.

مۇتەللىپ مەن ئۈچۈن بىر رېستورانغا سورۇن ھازىرلاپتۇ.

— مېھمانلار ھازىر كېلىدۇ، بىز بىرەر قەدەھتىن ئىچكەچ تۇرايلى. — ئۇ قىپقىزىل ئىچىملىكنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى — قېنى، ئىككىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن! ھاراق ئىچمەيدىغان ئادىتىمنى بۇزۇپ، ئۇنى بىراقلا ئىچىۋەتتىم.

— بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم — ئۇ بىر قۇتىنى ئېچىپ، بىر ئالتۇن زەنجىر بىلەن ئۈزۈكنى ئېلىپ ماڭا تاقاپ قويدى. ئەينەك ئالدىغا كەلدىم. زەنجىر ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. ئۇ ئاپئاق بوينۇمدا ۋال-ۋۇل چاقناپ تۇراتتى، كىچىك چېغىمدا ئانام دائىم ئۆرۈك مېغىزىنى يىپقا تىزىپ بوينۇمغا ئېسىپ قويىدىغان. ئۇ ئەدەپ بىلەن مېنى تانسىغا تارتتى. تىپ - تىنچ زالدا ئىككىمىز مۇزىكىغا جۆر بولۇپ پىقىراشقا باشلىدۇق.

— سىزگە مەسلىكىم كېلىۋاتىدۇ شەھىدە. بەك چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز.

— رەھمەت سىزگە.

ئۇنىڭدىن قىممەت باھالىق ئەتىرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. مەن نەبىنىڭ تېنىدىن كېلىدىغان بىر خىل ساپ ۋە كۈچلۈك ئەرلىك پۇرىقىنى ياخشى كۆرەتتىم. ئەتىر پۇرىقى بېشىمنى ئايلاندۇرىۋەتتى. ئۇنىڭغا يۆلىنىپلا قالدىم ھەم ئۇنىڭ بوش تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئۇ ئەمدىلا ئېڭىكىمنى كۆتۈرۈشىگە، ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇنىڭ بىر مۇنچە دوستلىرى كىرىپ كەلدى.

ھەرەڭ - سەرەڭ كىيىنىۋالغان بۇ بىر توپ ياشلار قىقاس - چۇقان بىلەن بىزنى تەمتىرىتىۋەتتى. قەدەھ سۆزلىرىدىن كېيىن، يېيىش - ئىچىشلەر باشلاندى. بىردەمدە ئۇلار يېرىم ئىنگلىزچە، يېرىم خەنزۇچە سۆزلىشىپ بىر - بىرى بىلەن ئېسىلىشىپ، سۆرىشىپ كېتىشتى. خۇددى ھەممىسىنىڭلا تۇغۇلغان كۈنى بولۇۋاتقاندەك، ئۇلار شۇنچىلىك ئەركە ۋە خىيالىي ئىدى. ھەتتا مۇتەللىپمۇ جىق ئىچىۋېلىپ خۇدىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئەسەبىي مۇزىكىنى قويۇۋېلىپ، ئەڭ ئەپسانە قىلىقلارنى چىقىرىشىپ ئويناۋاتقان ياۋايىلارنىڭ ئارىسىدا مۆڭلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. دوستلىرىمنى چاقىرىۋالسام بوپتىكەن. ئۇلارنى قاتناشتۇرۇشقا قوشۇلمىغانىدىم. بۇلارغا قاراپ تۇرۇپ قورققۇم كەلسە، تۇرۇپ يىغلىغۇم كەلدى. بۇ يەرگە نېمىشقىمۇ كەلگەن بولغىيدىم.

بىر چاغدا مۇتەللىپنىڭ «شەھىدە، شەھىدە» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن ھوشۇمنى يىغىپ قارىسام، مايمۇنغا ئوخشاش سېرىق چاچ بىر قىز ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ مېڭىپتۇ. مەنمۇ يۈگۈرۈپ باردىم. ئۇ ياندۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئاغزىدىن بەدبۇي پۇراق كېلىپ تۇراتتى. ھېلىقى قىز بىر دەمدە نەگىدۇر يوقالدى. ئۇنى مىڭ تەستە يۆلەپ تاكسىغا چىقاردىم. ئۇ يول بويى كۆڭۈل چۈشەندۈرىمەن دەپ مېنى كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتى. ئۇنى ئۆزىنىڭ ئايرىم تۇرىدىغان ياتىقىغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇ مېنى قونۇپ قېلىشقا ماقۇل كەلتۈرىمەن دەپ كۆپ ئاۋارە بولغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا جىم بولدى - دە، ئۇخلاپ قالدى.

سىرتنى گۇگۇم پەردىسى قاپلىغانىدى. دېرىزىنى يوغان ئېچىۋېتىپ تەكچىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. يىراقتىكى قەۋەت - قەۋەت بىنالار سۇس تۇمان ئارىسىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يىلاندەك تولغىنىپ بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئاسما كۆۋرۈكلەر، ھارغىن ھالەتتە سوزۇلۇپ ياتاتتى. سىرتتا يامغۇردىن ئىلگىرى يۈز بېرىدىغان بىر خىل دىمىق ھالەت ھۆكۈم سۈرگەن. شەرق تەرەپتىن سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان توپ - توپ قارا بۇلۇتلار ئېگىز بىنالارنى، كەڭ ئاسفالت يوللارنى ھەتتا پۈتكۈل شەھەرنى يالماپ كېتىدىغاندەك كىشىنى شۈركەندۈرەتتى. كىشىلەر ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتۈپ - كېتىۋاتقان يول بويىدا بىر - بىرى بىلەن ئاللىقانداق بىر مەسىلىنى تالىشىۋاتقان بىر جۈپ قىز - يىگىتكە قارىغىنىمچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قاپتىمەن. خۇددى مەن بۇ دۇنيادا يەككە - يېگانە قالغاندەك بىر خىل غېرىبلىق ئىسكەنجىسىدە قالدىم. كۆز ئالدىمدا ئانام بىلەن نەبىنىڭ ئوبرازى بارا - بارا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئۇلار مېنى ئەيىبلاۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. ھەقىقەتەن بەك چارچاپ كەتكەنىدىم. ئەجەبا، مەن ئىنتىلگەن بەخت مۇشۇمىدۇ؟! شۇنچە كۆركەم بېزەلگەن ياتاق كۆزۈمگە سوغۇق ۋە سۆرۈن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئىچىم سىقىلىپ بىئاراملىق ھېس قىلدىم. سىرتتا سىمىلداپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرلەپ تۇرغان پىغان بىلەن تەڭ كۆزلىرىم لىق ياشقا تولدى. يۈرىكىم تەبىئەت بىلەن تەڭ يىغلاۋاتاتتى. . .

ئاستا كەينىمگە يېنىپ، يېزىق ئۈستىلىدىكى قەلەمنى قولۇمغا ئالدىم.

(ئاخىرى 36 - بەتتە)

داۋۇت مەتنىياز

# سەكسەنىنچى ئائىلە

(ھېكايە)

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان غەلىتە ئاۋاز ساۋۇت ئاكىنى چۆچىتىۋەتتى. بۇ ئاۋاز ئادەمنىڭ ياكى ھايۋاناتلارنىڭ ئاۋازىغىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ تام ـ تورۇسلىرىنى دىر ـ دىر تىترىتىپ قوپال غولدۇرلايتتى. ساۋۇت ئاكا قەلەمنى قەغەز ئۈستىگىلا تاشلاپ قويۇپ سىرتقا چىقتى. توخۇ كاتەكچىلىك ھويلىغا بىر نەچچە كىشى توپلىنىۋالغانىدى. چاچلىرى ھەررەڭ ـ سەررەڭ پاخپىيىپ كەتكەن دىقماقىنە بىر يىگىت تامغا قويۇلغان شوتا ئۈستىدە تۇرۇپ ئۈشكىسى بىلەن ئۆينىڭ تېمىنى تېشىۋاتاتتى. ئاللىنېمىلەر بىلەن تولۇقلانغان بىرزىنىت سومكىنى مۇرىسىگە ئېلىۋالغان ئېگىز بويلۇق كىشى شوتىنىڭ ئاستىنقى بالدىقىغا مەھكەم دەسسىۋالغانىدى. ساقاللىرى كىرپە تىكىنىدەك ئۆسۈپ كەتكەن. قارا خۇرۇم شەپكىسىنى قىڭغايتىپ كىيىۋالغان سېرىق چىراي ئادەم غەلىۋىر قاسقىنىدەك تۇرمەللەنگەن ئاپئاق سولياۋ قاپلىق سىمىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، تاماكا چېكىۋاتاتتى. ساۋۇت ئاكا ئۇلارغا بىر ـ بىرلەپ سەپسېلىپمۇ تونۇيالمىدى. پەقەت كۆرپە ياقلىق سوكنو پەلتوسىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى تىقىپ قاراپ تۇرغان ئىدارە باشلىقى تۇراپلا ئۇنىڭغا بىردىنبىر تونۇشلۇق كىشى ئىدى.

ــ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ ــ ساۋۇت ئاكا شوتا ئۈستىدىكى يىگىتكە قاراپ جىددىي تەلەپپۇزدا سورىدى.

ــ سىزگە بىر سوتكا ۋاقتىنىڭ ھەممىسىدە چىرايلىق قىزلار بىلەن يۈز كۆرۈشەلەيدىغان قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرەلىسەككىن دەۋاتىمىز، ــ چاقچاق ئارىلاش جاۋاب بەردى. يىگىت ئۈشكىسىنى ھەرىكەتتىن توختىتىپ.

ــ نېمە دېدىڭىز؟

ــ مۇنداق ئىش، ــ تۇراپ ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىپ ئەزمىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، ــ سىملىق تېلېۋىزور تارتماقچى ئىدۇق شۇڭا...

ــ ئەمىسە سىمنى بوشلۇقتىن تارتماي ئۆيۈمنىڭ تېمىنى تېشىپسىلەرغۇ!

ــ سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ئەكىرىشنىڭ كېرىكى بولمامدۇ؟ ــ سىملىق تېلېۋىزور دېگەننىڭ مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىقى كۆپ نېمە. ئەمما تارتىپ بولغاندا بەخت قاينىمىغا شۇڭغىغىنىڭىز شۇ. قاچانلا قايسى قانالنى ئاچسىڭىز كۆرەلەيسىز.

ــ ئۇنداقتا ئاۋارە بولمايلا قويۇڭ، مەن تارتمىساممۇ بولىدۇ.

ــ يۇغىسۇ، سىزدەك پېشقەدەملەرنى بۇ بەختتىن بەھرىمەن قىلمىساق قاملاشمايدۇ.

ــ مەن ئادەتتە تېلېۋىزور كۆرمەيمەن. ئۆيۈمدە تېلېۋىزورمۇ يوق.

ــ نېمىشقا كۆرمەيسىز؟

ــ كۆزۈمدە ئازراق مەسىلە بار.

ــ كۆزىڭىز ساپ ـ ساق پارقىراپ تۇرامدۇ.

ــ ساقلىقىغۇ ساق، ئەمما كەينى ـ كەينىدىن ئىككى ئاخشام تېلېۋىزور كۆرسەم سىرتلاردا كۆزۈمنى ئاچالمايمەن. قاياققا قارىسام قۇياشقا قارىغاندەك چاقناپ ئىمىر ـ چىمىر بولۇپ قالىدۇ.

ــ تۇراپنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى. ساۋۇت ئاكا ئۇنىڭ كۆزىگە بىردىنلا بەت ـ بەشىرە بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتتى. نېمىشقا ئۇنداق كۆرۈنىمسۇن، نېمىشقا ئاچچىقى كەلمىسۇن! تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ۋەدە قىلغان تۆت مىڭ يۈەننى ئۇنىڭ چاشقان تۆشۈكىدەك چوقۇر كۆزلىرىدىكى نۇقسان قاچۇرۇۋېتىش ئالدىدا تۇرامدۇ!...

تۇراپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى بىلەن تېخى ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا سۆھبەتلەشكەنىدى. شۇ سۆھبەتتە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ

باشلىقى ئۇنىڭغا «ناۋادا سەكسەن ئائىلىگە بىراقلا سىملىق تېلېۋىزور تارتالىسىلا سىلىگە تۆت مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەندە تۇراپمۇ: «سەكسەن ئائىلىگە چوقۇم تارتالايمەن» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىغانىدى. مانا ئەمدى يەتمىش توققۇز ئائىلىگە تارتىلىپ پەقەت بىرلا ئائىلە قالغاندا. . . تۇراپ يېقىنلا يەردە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇرغان ئاشۇ ئامەت تەرەپكە قولىنى يەنىمۇ كۆچەپ سوزدى. ئۇ مەنپەئەت ئالدىدا ئەزەلدىن ئاسانلىقچە بەل قويۇۋېتىدىغان ئىرادىسىزلەردىن ئەمەس ئىدى.

— كۆزىڭىزنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشكە يارىمايدىغانلىقى ھەققىدە دوختۇرنىڭ ئىسپاتى بارمۇ؟

— يوق، كۆرۈنگىنىمگە خېلى يىللار بولدى. لازىم بولماس دەپ ساقلىمىغانىكەنمەن.

— دوختۇرنىڭ ئىسپاتى بولمىسا سىملىق تېلېۋىزورنى تارتتۇۋېرىمىز.

— تارتمايمەن، تېلېۋىزور كۆرۈش - كۆرمەسلىك ئۆزۈمنىڭ ئەركىنلىكى، مېنى مەجبۇرلىيالمايسىز.

— سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي، — تۇراپ كۆڭلىدە قارا بوراندەك قۇتراۋاتقان غەزىپىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۈچۈن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى. تېلېۋىزور كۆرۈش - كۆرمەسلىك سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا بولغىنى بىلەن، تەشكىلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش - ئاڭلىماسلىق ئىختىيارىڭىزدا ئەمەس. تېلېۋىزور دېگەن پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئەينەن يەتكۈزىدىغان خالىس تەشۋىقاتچى. تېلېۋىزور كۆرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىق ماھىيەتتە پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە قولاق يوپۇرغانلىق بولىدۇ.

تۇراپ بىلەن مۇنازىرىلىشىشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمىگەن ساۋۇت ئاكا كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ قائىدە - يوسۇننى بىلمەيدىغان نادان ئادەملەر بىلەن مۇنازىرىلىشىشنىڭمۇ دەل نادانلىقتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى.

ساۋۇت ئاكا يېزىق ئۈستىلىگە قايتا ئولتۇرغان بولسىمۇ، ھېچ نەرسە يازالمىدى. ھەر قانچە قىلسىمۇ كاللىسىدا بىرەر جۈملە پۈتۈنلەنمەيۋاتاتتى. تۇراپنىڭ ھېلىقى زەردىلىك گەپلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلماقتا ئىدى.

ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

× ×

ساۋۇت ئاكا ئىدارىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتقان دەسلەپكى چاغلاردا تۇراپ تېخى ئادەتتىكى كادىر ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقىغا قايىل بولغان ساۋۇت ئاكا ئۇنى ئىتتىپاق كادىرى، كېيىنچە بۆلۈم مەسئۇلى قىلىپ ئۆستۈردى. ئاخىرى قول ئاستىدىكى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى باشقا ئورۇنغا ئالمىشىپ كەتكەندە موككىدە ئۇنىڭ ئىزىغا دەسسىتىۋالدى. ئۇ چاغلاردا تۇراپ ساۋۇت ئاكىنىڭ ھەر بىر ئېغىز گېپىنى خۇددى قانۇن ئورنىدا كۆرۈپ ئىجرا قىلاتتى. ساۋۇت ئاكىنىڭ ئالدىدا «خوش، ماقۇل» دىن باشقا سۆزگە تىلى بارمايتتى. يىللار ئۆتۈپ ساۋۇت ئاكا مەنسىپىدىن ئايرىلدى. تىزگىن قولىدىن كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ روھى سۇنمىدى. ئاللىكىملەردىن رەنجىپمۇ يۈرمىدى. مەنسەپتىن ئايرىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ، «ئىنسان ھامان قېرىيدۇ، ياشانغانلارنىڭ ياشلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشى ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى. سەن خىزمەت ئىستاژىڭنىڭ توشۇپ قالغىنى ئۈچۈن ھەسرەتلىنەرسەن. ئورۇن بوشىتىشقا دەۋەت قىلغانلاردىن ئاغرىنىپمۇ باقارسەن، لېكىن ئەجەلنىڭ توشقاندا كىمدىن ئاغرىنارسەن! ؟ دېمەك ئامال يوق. ياخشىسى تەقدىرىڭگە چىرايلىقچە تەن بېرىشىڭ كېرەك» دەپ ئويلايتتى.

ئەپسۇسكى تۇراپ تىزگىننى قولىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، يېقىنلىرىنى يانغا تارتىپ، ئىدارىدىكىلەرنى ئىككىگە بۆلۈۋەتتى. خىزمەتنىڭ ئۇنۇمى سۇسلاشقىلى تۇردى. بۇنى كۆرگەن ساۋۇت ئاكا ئىدارىنىڭ خىزمەتلىرى ھەققىدە تۇراپقا تېگىشلىك مەسلىھەتلەرنى بەردى. ئەمما ئۇنىڭ مەقسىتىنى كىممۇ چۈشەنسۇن! ياخشى نىيىتىنى كىممۇ قەدىرلىسۇن. سەمىمىيلىك ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئاغرىقى كەلتۈرمەي قالمىدى. تۇراپ ساۋۇت ئاكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا «سىز ئەمدى ئىدارىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماڭ. مەنمۇ يەسلىنىڭ بالىسى ئەمەس، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق لازىملىقىنى بىلگۈچىلىكىم بار» دەپ رەددىيە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ساۋۇت ئاكا تۇراپقا ئارتۇقچە گەپ قىلمايدىغان بولدى. ئەمما، ناھەق ئىشلار ئالدىدا كۆز يۇمۇپ

www.uyghurkitap.com



يۈرۈۋېرەلمەيدىغان بەزى زەردىسى ئۇستۇن كىشىلەر ساۋۇت ئاكىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، يېقىندىن بېرى ئىدارىدا يۈز بېرىۋاتقان قالايمىقانچىلىق ئۈستىدىن داتلىشاتتى. يۇقىرىغا ئەرز سۇنۇپ ئىدارىنىڭ تەقدىرىنى خەۋپتىن ساقلاپ قالماقچى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشلارغا ساۋۇت ئاكىنىڭ كۆرسەتمە بېرىشىنى ئۆتۈنۈشەتتى. ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلىشىشنىڭ پايدىسىزلىقىنى تونۇپ يەتكەن ساۋۇت ئاكا ئۆزىنى يانغىنغا ئۇرۇشنى خالىمايتتى. ئۇلارغا «تەخىر قىلىڭلار ئۇكىلىرىم ھەممىشە ئۇنداقمۇ بولۇۋەرمەس» دەپ تەسەللى بېرەتتى. ئەرز قىلىش نىيىتىدىن يېنىشقا دەۋەت قىلاتتى. لېكىن ئۇلار ساۋۇت ئاكىنىڭ ئالدىدا نىيىتىدىن يانغىنى بىلەن ئۆز كېڭىشى بويىچە ئىش قىلىۋەردى. نەتىجىدە ئويلىمىغان يەردىن ئۇلارنىڭ ئەرز خېتى تۇراپىنىڭ قولىغا قايتىپ كەلدى. بۇ ئىشلارنىڭ كەينىدە ساۋۇت ئاكىنى بار دەپ پەرەز قىلغان تۇراپ ئۇنى يەكلەيدىغان، ئېپىنى كەلتۈرەلىسە زەربە بېرىدىغان بولۇۋالدى. لېكىن ساۋۇت ئاكا چىشىنى چىشىغا قويۇپ تاقەت قىلىپ كەلدى. بىرەرسىگە قورساق كۆپۈكىنى ئېيتىپمۇ يۈرمىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ساۋۇت ئاكا تۇرمۇشنى ئۇبدانلا رەتكە سېلىۋالدى. ئۇ، ئۆز كەسپىگە دائىر ماقالىلەرنى يېزىشقا قىزىقىپ قالغانىدى. بولۇپمۇ بىر ئۆمۈر ھەمدەمدە بولغان ۋاپادار مومىيدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، كۈنلىرى دېرىزە ئالدىغا قويۇۋالغان يېزىق ئۈستىلىدە ئۆتىدىغان بولدى. ئۇ ئاشۇ ماقالىلەردىن سۇنۇق كۆڭلىگە تەسەللى تاپاتتى. ماقالە ئۇنىڭغا يالغۇزلۇقنى، غېرىبلىقنى سەزدۈرمەيدىغان ئەمەك بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر بىرەر پارچە ماقالىسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنسا ۋۇجۇدىدىكى ئاجىز شىجائىتى قايتا يېلىنجاپ، قىرانلىق چاغلىرىغا قايتقاندەك روھلىنىپ كېتەتتى.

× ×

ساۋۇت ئاكا ھويلىغا چىقتى. ھويلا جىمجىت، تامنىڭ تۆشۈكىدىن كىچىك بالىنىڭ بارمىقىچىلىك ئاق سىم ساڭگىلاپ تۇراتتى. سىمنىڭ بىر بېشى ئۆينىڭ ئۈستىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئوق سىمغا چېتىلغانىدى. ئۇ، سىمغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويۇپ ئىشىكنى تاقىدى - دە، دوختۇرخانىنى قارارلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ۋىلايەتلىك بىرىنچى دوختۇرخانىنىڭ بەش ئەزا بۆلۈمى ئېگىز بىنانىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە ئىدى. ساۋۇت ئاكا پەلەمپەيلەردىن چىقىپ بولغۇچە بەللىرى سىرقىراپ، يۈرىكى چالاڭغۇرۇپ كەتتى. كېسەل كۆرسىتىشكە كەلگەنلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇزۇن كارىدوردىكى تام بويلىتىپ قويۇلغان ياغاچ ئورۇندۇقتا بىر نەچچەيلەن نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ساۋۇت ئاكا ئاستا بېرىپ ئورۇندۇقنىڭ بىر بېشىغا سىغدىلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىچە غەش ئىدى. تۇراپىنىڭ بايامقى يولسىزلىقىنى ئويلىماسلىققا قانچە تىرىشسىمۇ يەنىلا خىيالىدىن نېرى بولمايۋاتاتتى... ئەيىب ئۆزۈمدە، باشتا ئۇنىڭ رەزىللىكىنى نېمىشقا بايقىيالمىدىم. ياسالما ئىپادىسىگە نېمىشقا ئالداندىم. شۇ خاتالىقىمنىڭ جازاسىنى تېخىچە تارتىۋاتىمەن، يەنە قاچانغىچە تارتامەن...

— ھوي، سىلىنى چاقىرىۋاتىدۇ، — ساۋۇت ئاكىغا يانداشىپ ئولتۇرغان كۆزەينەكلىك ئايال ئۇنى بوشقىنە نوقىدى. ساۋۇت ئاكا چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بۇ چاغدا دوختۇر ئوتتۇز يەتتىنچى نومۇر كىم دەپ يەنە بىر قېتىم چاقىرغانىدى.

— مانا مەن... — ئۇ دوختۇرنىڭ ئالدىغا ئالدىراش كىرىپ كەلدى.

— كەلسىلە ساۋۇت ئاخۇن، — ئۆزى بىلەن تەڭ دىمەتلىك تونۇش دوختۇر ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، — مىجەزلىرى يوقمۇ؟

— يېقىندىن بېرى كۆزۈم تورلىشىدىغان بولۇپ قالدى.

دوختۇر ئۇنىڭ كۆزلىرىنى يىرىپ كىچىككىنە قول چىرىغىنى توغرىلىدى. چىراغنىڭ چېكىتتەك نۇقتىغا مەركەزلەشكەن يورۇقى بېسىملىق نۇرى ئۇنىڭ كۆز تورپىچىسىنى خۇددى تومۇز قۇياشنىڭ تەپتىدەك قىزىتىۋەتتى.

— ئانچە چوڭ مەسىلە يوقتەك قىلىدىغۇ، — دېدى دوختۇر چىراغنى ئۆچۈرۈپ.

— ئادەتتىكى چاغلاردا يامان ئەمەس، — ساۋۇت ئاكا ئېچىلمايۋاتقان كۆزلىرىنى ئۇۋلىغاچ چۈشەندۈردى، — بىراق تېلېۋىزور كۆرسەم سەل خاپا قىلىدۇ.

— ئەمىسە تېلېۋىزور كۆرمىسىلە ساۋۇت ئاخۇن. تېلېۋىزورنىڭ نۇرى ھېلىغۇ بىزدەك ياشىنىپ قالغانلارنىڭ كۆزىكەن، ياشلارنىڭ ساغلام كۆزىنىمۇ زەئىپلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

— ئېغىر كۆرمەي تېلېۋىزور كۆرسەم

بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىككى ئىلىك خەت يازدۇرۇپ بەرگەن بولسىلا.

— خەت نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى.

ساۋۇت ئاكا ئىندىمىدى. ئۇ ئىدارىدا بولۇۋاتقان بىمەنە ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى - يۇ، نېمىشقىدۇر بۇ نىيىتىدىن ياندى.

— خەت يېزىپ بېرىش دېگەن تەس ئىش ئەمەس، — دېدى ساۋۇت ئاكىنىڭ جىمغۇر كەيپىياتىدىن نېمىنىدۇر ھېس قىلغان دوختۇر، — لازىم بولۇپ قالغان بولسا يېزىپ بېرەي.

ساۋۇت ئاكا دوختۇرغا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتقاچ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ بارلىق غەم - غۇسسىدىن قۇتۇلغاندەك يېنىكلەپ قالغانىدى. قولىدىكى بىر ۋاراق خەت ئۇنىڭغا ھەممە ئاۋارىچىلىقلاردىن بىراقلا خالاس قىلىۋېتەلەيدىغان قۇدرەتلىك نىجاتكاردەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئەپسۇس! دوختۇرنىڭ ئالدىدا چىراي سارغايتىپ تۇرۇپ يازدۇرغان بۇ مۆھۈرلۈك ئىسپاتنىمۇ تۇراپىنىڭ نەزىرىدە خۇددى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن تىياتىر بېلىتىدەك ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدى.

— كۆزىڭىزدە راستىنلا مەسىلە باردەك قىلىدۇ، — دېدى تۇراپ خەتنى كۆرۈپ بولۇپ، — ئەمما، بۇ ئىسپاتنى كېچىكىپ ئەكەپسىز. بىز ئىدارىدىكى سەكسەن ئائىلىنىڭ سىملىق تېلېۋىزور تارتىش ھەققىنى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىگە بىراقلا تاپشۇرۇۋەتكەن. ئەمدى سىزنىڭ ئائىلىڭىز ئۈچۈن تاپشۇرغان پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا كاجلىق قىلماي ئەل كىرگەن كېچىككە كىرىڭ. ناۋادا «تارتمىغىنىم تارتمىغان» دېسىڭىز تۆت يۈز يۈەندىن كېچىشكە توغرا كېلىدۇ.

— تۆت يۈز يۈەن بىلەن ئىش پۈتىدىغانلا بولسا كەچسەم كەچتىم، — دېدى قەتئىي قارارغا كەلگەن ساۋۇت ئاكا.

لېكىن ئۇ رېئاللىقنىڭ ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئەخمەق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. تۆت يۈز يۈەننىڭ مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى، سىملىق تېلېۋىزور باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىۋېرىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

ئارىدىن ئۈچ ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندى. ئىش ھەققى تارقىتىدىغان كۈنى ساۋۇت ئاكىنىڭ كۆڭلى يەنە غەش بولدى. بۇ غەشلىكمۇ يەنىلا شۇ ئۆيىنىڭ تېمىدىن بىرەر غېرىچچە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئاق سىم بىلەن ئالاقىدار ئىدى. ئايلىق پۇلىنىڭ سەل كەملىكىنى كۆرگەن ساۋۇت ئاكا نېمىلەرگە پۇل تۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، ئۆز ئىسمىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قاتار كەتكەن كاتەكچىلەرگە قارىدى. «تازىلىق پۇلى، سۇ پۇلى، توك پۇلى، ئۆي ئىجارىسى ھەققى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بەدەل پۇلى، ماكارىپقا ياردەم، ئۆي ئىسلاھاتى پۇلى، قوغداش پۇلى. . . » دېگەندەك چىقىملاردىن كېيىن «سىملىق تېلېۋىزور كۆرۈش ھەققى» دېگەن يېڭى گىراپىك بىلەن ئىسمىنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىدىكى كاتەكچىدە ئاتمىش يۈەن دېگەن رەقەم تۇراتتى.

— مېنىڭ ئۆيۈمدە سىملىق تېلېۋىزور بولمىسا نېمىشقا پۇل تۇتتۇڭلار؟ — سورىدى ساۋۇت ئاكا كاسسىردىن.

— ئۆزىڭىز بىلىسىز ساۋۇت ئاكا، بىز دېگەن پەرماننى ئىجرا قىلىدىغان ئادەم. بۇ ھەقتىكى گېپىڭىزنى تۇجۇيجاڭدىن سوراپ باققان بولسىڭىز.

ساۋۇت ئاكا بۇ ئاتمىش يۈەننىڭ ئىشىنىمۇ كەڭ قورسىقىغا سىغدۇرۇۋېتىشنى ئويلىدى. لېكىن، «بۇ ئاتمىش يۈەننىغۇ بولدى قىلارمەن. كېيىنكى ئايلاردا يەنە تۇتۇۋالسىچۇ!؟ ھەممىگە چىداپ ئۆتۈش مۇمكىنمۇ، ۋاقتىدا بىر ياقلىق قىلىۋېتىش كېرەك» ساۋۇت ئاكا شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ تۇراپىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. تۇراپ ئىككى جەينىكىنى ئۈستەلگە تىرەپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتاتتى.

— ئۇكام سىز ئۆتكەندە «تۆت يۈز يۈەن بىلەن ئىش تۈگەيدۇ» دېمىگەنمىدىڭىز؟

— نېمە ئىش بولۇپتۇ؟ — ھېچ ئىشنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالغان تۇراپ، ساۋۇت ئاكىنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

— سىملىق تېلېۋىزور كۆرۈش ھەققى دەپ بىر پەسىلگە ئاتمىش يۈەن تۇتۇپتىغۇ.

— بىز تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىگە سەكسەن ئائىلە ئۈچۈن تارتىش ھەققى تۆلىگەندىكىن كۆرۈش ھەققىنىمۇ سەكسەن ئائىلىگە تاپشۇرىدىغان گەپ.

— ئەمدى قاچانغىچە شۇنداق بولىدۇ؟ — ساۋۇت ئاكا ياشانغانلارغا خاس سالماقلىق بىلەن سورىدى.

— بۇ ئىشنى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن سوراڭ، مەن ئۇقمايمەن.

— پۇلنى سىز تۇتسىڭىز گەپنى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن سورامدىم.

ــ بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى. مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ئەمەس ھۆكۈمەتنىڭ ئۆيىگە تارتتىم. ئىدارىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغان ھەر قانداق ئادەم بۇ ئىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ــ سىز مېنى ئۆيدىن قوغلىماقچى، كۆزىڭىزدىن يوقاتماقچى، شۇنداقمۇ؟ !

ــ مەندە ئۇنداق مەقسەت يوق، ئەمما ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزغا بويسۇنماي خىزمىتىمىزگە تەسىر يەتكۈزسىڭىز. . . ــ تۇراپ گېپىنىڭ داۋامىنى يۇتۇۋېلىپ، تاماكىسىنى تورۇسقا قارىتىپ قاتتىق پۈۋلىدى. خورلۇق ھېس قىلغان ساۋۇت ئاكا بورۇلۇپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ساۋۇت ئاكا ئىدارە ئىچىدە كۆرۈنمىدى. ئىشىكتە ساڭگىلاپ تۇرغان يوغان قارا قۇلۇپ، بوسۇغا تۈۋىدىكى شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن قەغەز پارچىلىرى ۋە قۇرۇق غازاڭلار. . . ئۇنىڭ خېلى يىراقتا سەپەر قىلغانلىقىدىن بىشارەت بەرمەكتە ئىدى. بىر يىل ئايدىن كېيىن قورۇدىكىلەر ساۋۇت ئاكىغا ئالاقىدار بولغان كۆڭۈلسىز بىر ئىشنى بايقاشتى. ئۆينىڭ ھەممە ئىشىكلىرى ئوچۇق، ئۆي خارابىيلىقتەك قۇپ ـ قۇرۇق بولۇپ، كېرەكسىز ئەسكى ـ تۈسكىلەر چېچىلىپ ياتاتتى. ھويلىدا خىلمۇخىل ئاياغ ئىزلىرى بار ئىدى. قورۇنىڭ ئالدىدىكى يولدا يۈك ئاپتوموبىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە سىلجىغان ئىزلىرى قالغانىدى. بۇ ئالامەتلەرنى كۆرگەن كىشىلەر ساۋۇت ئاكىنىڭ ھېچ كىشىگە تۇيدۇرماي كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىشتى. ئەمما نەگە كەتكەنلىكىنى، نېمە سەۋەبتىن كەتكەنلىكى ئۇلار ئۈچۈن قىياس قىلغىلى بولمايدىغان مۇرەككەپ سىر بولۇپ قالدى.

تەھرىرى: *مەتسېلىم مەتقاسىم*

(بېشى 31 ـ بەتتە)

«ھۆرمەتلىك مۇتەللىپ:

مەن كەتتىم. مېنى ئىزدەپ ئاۋارە بولماڭ. كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن. بىراق، سىزگە مۇناسىپ كېلىدىغان تېخىمۇ ياخشى قىزلار بار. تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈپ بەرگىنىڭىزگە رەھمەت. مېنى كەچۈرۈڭ.

سىزگە بەخت تىلەپ: شەھىدە»

زەنجىر بىلەن ئۈزۈكنى خەتنىڭ ئۈستىگە قويدۇم ـ دە، ھېچنېمىگە قارىماي ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم. يامغۇر تېخىمۇ كۈچىيىپ باراتتى. مەن يۈگۈرەشكە باشلىدىم. يۈز ـ كۆزۈمدىن ئاققان يامغۇر ئىچ كىيىملىرىمنى مىچچىدە ھۆل قىلىۋەتتى، توڭلاپ كېتىۋاتاتتىم. ئۆتكەن يىلمۇ مۇشۇ كۈندە يامغۇر ياغقان. دەل مۇشۇ يوللاردا مەن نەبىگە چىڭ چاپلىشىۋېلىپ ماڭغانىدىم. ئۇ چاغدا قىلچىلىكمۇ توڭۇش ھېس قىلمىغان. شۇ تاپتا ئۇ يېنىمدا بولغان بولسىدى دەپ نەچچە قېتىم ئويلاپ كەتتىم.

پۈتۈن ئەتراپ تولۇق قارىيىپ بولغاندا مەكتەپكە يېتىپ كەلدىم. دەرۋازىغا يېقىن كەلگەن چېغىمدا ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان نەبىنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئۇمۇ مېنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى. ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلاندىم.

ــ مەن سەندىن بەك ئەنسىرىدىم شەھىدە، مەن. . .

ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆسۈپ كەتكەن يىرىك ساقال ـ بۇرۇتلىرى يۈزۈمگە سانجىلىشقا باشلىدى ــ ئەمدى مېنى تاشلاپ كەتمە، مەن سەندىن ئايرىلالمايمەن. ـ ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك تۆۋەن لېكىن قەتئىي ئىدى. ئۇ مېنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ باغرى نەقەدەر ئىللىق ـ ھە! شۇ مىنۇتتا مەن ئۇنىڭدىن مەڭگۈ كېچەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. يۈرىكىمدىن چىققان ئاچچىق بىر يىغا بىلەن ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتىم.

ــ مەن. . .مۇ سەندىن ئايرى. . .لال. . . مايمەن!

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

مۇھەممەت چاۋار

# ئەدەبىي تىلنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا

— يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى بىلەن سۆھبەت

ھۆرمەتلىك نۇرمۇھەممەت:

سىزنىڭ مەن ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىي تىلنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرگە قارىتا يازغان خېتىڭىزدىن چەكسىز سۆيۈندۇم. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ خەت بىر يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك ئىجادىيەت قارىشىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ بىزنى ئىجادىي خاسلىقنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. خۇددى سىز ئېيتقاندەك، ئەدەبىيات ئالدى بىلەن تىل سەنئىتىدۇر. ئەدەبىياتتىكى ھەممە نەرسە ئېيتايلۇق، تۇيغۇ، ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر، ئىدىيە، ئوبراز، ئىرادە ۋە خاراكتېرنىڭ بارلىقى تىل ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. تىلسىز ئەدەبىياتنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىياتنىڭ ھەممە سىرى تىل مۇھىتى بىلەن ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ مۇشۇ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ سەزگۈر روھىيىتى بىلەن سۆزلىشىدۇ.

مەشھۇر جەمئىيەتشۇناس ئالۋىن. توفلىر ئېيتقاندەك، بىلىم، بايلىق ۋە زورلۇق قوشۇلۇپ تەڭداشسىز كۈچ ھېسابلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئالۋىن. توفلىرنىڭ «كۈچنىڭ يۆتكىلىشى» ناملىق ئەسىرىدىن ئۆزىمىز بىر ئۆمۈر نامرات تۇرۇپمۇ سەۋدايىلارچە مېھرىمىزنى ئۈزەلمەيۋاتقان، ئەدەبىيات دۇنياسىنىڭ ئاشۇ ھەم ئاچچىق ھەم تاتلىق سىرلىرى ئۈستىدە ئىزدەنسەك ئارتۇق كەتمەس، ئورۇنسىز بولماس. شۇ ۋەجىدىن، سىزدەك، ئۆز خەلقىنىڭ تۇرمۇش تىلىنى بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ گۈزەللىك ۋاستىسى قىلىپ، تەكرار كۈچەيتمە سۆز جۈملىلىرى بىلەن سۇبيېكتنىڭ ئېستېتىك ھېسسىياتىنى كونكرېت سەنئەت گۈزەللىككە كۆتۈرۈپ، ئۇنۇم قازىنىۋاتقان يازغۇچىنى بەدىئىي تىلنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئوبيېكتى دەپ ھېسابلىدىم. خېتىڭىزدە ئېيتىلغاندەك يازغۇچى، شائىرلار ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچى يېتىشتۇرگەن، ئالدىن بەلگىلەنگەن ھەر قانداق قائىدە - يوسۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. بۇ يەردە، ئۇ، بىلىمسىزكى، بىر ياراتقۇچى ئىلاھ سۈپىتىدە ھەممە نەرسىنى يېڭىۋاشتىن يارىتىدۇ. ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئەركىن ئىلكىدە بولىدۇ. بۇ ئەركىنلىك ئالىمنىڭ ھەربىر قەسىرىدە يۈز بەرگەن كارامەتلەر تامامەن تىلدىن ئىبارەت خىسلەتلىك پەرىشتىنىڭ خاسىيىتىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مۇئەييەن شارائىتتا تىلنىڭ گۈزەل بولۇش - بولماسلىقى پۈتكۈل بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ.

سىزگە ئايانكى، يازغۇچى ۋە شائىرلار تەرىپىدىن روياپقا چىقىرىلغان بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەر كەم - كۈتىسىز تىل بىلەن ئىجادىيەت روھىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى. ئۇ فىزىكىلىق، فىزىئولوگىيىلىك، پسىخىك ۋە مەدەنىيەت قاتلاملىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. ئەدەبىيات ئىپادىلىگەن مۇھىت — تەبىئىي مۇھىت (فىزىكىلىق زامان، ماكان) ۋە پسىخىك مۇھىت (پسىخىك زامان، ماكان) دىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن تەشكىل تاپىدۇ. بەدىئىي مۇھىت فىزىكىلىق زامان، ماكاننىڭ پسىخىك زامان، ماكاندىكى ئۆزگەرگەن شەكلىدۇر.

ئىنساننىڭ ھېسسىياتى تەڭداشسىز كۈچ، بەدىئىي ئەدەبىياتتا ھېسسىيات پەقەت تىل ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ يەردە، تىل ئىدىيە، ئوبراز، تۇيغۇ، ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر ۋە ئىرادىنىڭ يورۇتقۇچىسى.

ئەدەبىيات گۈزەللىككە مەنسۇپ، شۇنداقلا ئۇ سەنئەتكە مەنسۇپ، ئۇ گۈزەللىك، چىنلىق، ياخشىلىقنىڭ جارچىسى. سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرى ئۆزلىرى ئىپادە قىلغان غايە، كەيپىيات ۋە بەدىئىي مۇھىتنى ھەمىشە بوياق، لاي، ھەرىكەت، قورۇلۇش ماتېرىياللىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. بۇ، «سەنئەت تىل» لىرى بىۋاستە تەسىرچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەدەبىيات شۇ مىللەتكە ئورتاق بولغان تىل ئارقىلىق ۋاستىلىك ھالدا ئاشۇ «سۆز بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان» ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن، ئېنىق ۋە ئېنىقسىز ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقنى ئىپادىلەيدۇ.

شۇڭا، ئەدەبىياتنى چۈشىنىشتە ھەممىدىن ئاۋۋال تىلنىڭ پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان پىسخىك تىل تىلشۇناسلىق مەنىسىدىكى تىل بولماستىن، ھەقىقىي ئۆز مەنىسىدىكى ئەدەبىي تىلدۇر. بۇ خىل ئەدەبىي تىل يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت پائالىيىتىدىكى ئەركىن ھالدا قوللىنىلغان، جانلىق، ھاياتىي كۈچكە ئىگە، قائىدىسىز، ئۆزگىرىشچان، كۈچلۈك ئىندىۋىدۇاللىققا ئىگە تىل بولۇپ، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۇ ئىجاد قىلىنىۋاتقان تىلدۇر. شۈبھىسىزكى مۇئەييەن مەنىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ تىلى تىلشۇناسلارنىڭ تىلىغا نىسبەتەن «دۈشمەنلىك تۇيغۇسى» غا ئىگە. ئۇ، كۈلەلەيدىغان، يىغلىيالايدىغان، ئۇخلىيالايدىغان، ئويغىنالايدىغان، گاھ تاتلىق، گاھ ئاچچىق، دەرياغا چۆكسە ئاقالايدىغان، كۆككە چىقسا چاقنىيالايدىغان، سۈزۈك ئاسماندا يامغۇرغا، قارلىق دالىدا ئوتقا ئايلىنالايدىغان تىلدۇر. ئۇ، تىلشۇناسلار نەزىرىدىكى «تىل» دەك قۇرۇق ئۇستىخان ئەمەس.

بەدىئىي ئەسەرلەردىكى تىل ئالدى بىلەن پىسخىك تىلدۇر. ئۇ كۈچلۈك كەيپىيات ئىچىدىكى ئوبرازغا ۋە ئوبراز ئىچىدىكى ھېسسىياتقا ئىگە تىلدۇر.

سىزنىڭ «قوشتاغدىكى مۇشائىرە» ناملىق ھېكايىڭىزنى ئىجادىيىتىڭىزدىكى بىر مۇۋەپپەقىيەت دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنداقتا، سىزنىڭ بۇ ھېكايىدىكى ئاساسىي مۇۋەپپەقىيىتىڭىز نېمە؟ توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۇ سىزنىڭ ئېستېتىك مۇھىتىدىكى ھاياجانلىق ھېسسىياتىڭىز بىلەن ھېسسىياتىڭىزغا ماسلاشقان گۈزەل، رەڭدار، جانلىق، كونكرېت تۇيغۇغا ئىگە تىلنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئىبارەت.

ھېكايىڭىز مۇنداق باشلىنىدۇ:

«بۈگۈندىن توقسان يىل مۇقەددەم، گۈمىدىن — قوشتاغقا چىقىدىغان تاغ يولىدا بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئاستا ـ ئاستا تاغقا ئۆرلەپ كېلىۋاتاتتى. يىراقتىكى قىردىن قاراپ تۇرغان چىرايىنى قارا ياغلىق بىلەن نىقابلىۋالغان يوچۇن ئادەمگە ئاق بۇلۇت بوشلۇقتا ئۈزۈپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، جەنۇبتا سوزۇلۇپ ياتقان تاغ چوققىلىرىغا نەزەر سالدى. ئۇياقتا توپ ـ توپ ئاق بۇلۇتلار گويا ھاردۇق ئېلىۋاتقاندەك تاغ چوققىلىرىغا قونۇپ ئولتۇرۇشاتتى. يوچۇن ئادەم يەنە شىمالغا بۇرۇلدى. ئاق بۇلۇت ئۇنىڭغا قاراپ سوزۇلۇپ كېلەتتى...

... يوچۇن ئادەم قاردەك ئاق ئاتلارنى، ئاق شايى يەكتەكلەرگە ئورالغان گەۋدىلەرنى ئىلغا قىلدى. ئۇلارنىڭ سەللىلىرىمۇ قاردەك ئاق ئىدى. «راستتىنلا ئاق بۇلۇت، پاكىز، غوبارسىز، ئاق بۇلۇت ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

بىر پارچە سۈرەت، راستتىنلا بىر پارچە شېئىر، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بۇ يەردە سىزنىڭ كەيپىياتىڭىز ھاياجانغا تولغان بولۇپ، ھېسسىياتىڭىز بۇژغۇنلاپ تۇرغان قايىنامغا ئوخشايدۇ.

بۇ يەردە سىز كىتابخانغا يەتكۈزۈشكە تېگىشلىك ھەممە ئۇچۇرنى تولۇق يەتكۈزگەنسىز. ھەممە نەرسە ئېنىق، لېكىن ھېچنېمە ئېنىق ئەمەس. «ئاق بۇلۇتلۇق سەپ نېمىنى، چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ يەردە سىز نېمە دېمەكچىسىز؟ ئېنىق ئەمەس. كىتابخان بۈگۈندىن نېمىلەرنى چۈشىنىدۇ؟

ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ. بۇ ئېستېتىك ھېسسىياتتىكى ئېنىقسىزلىق. بىراق، ھېكايىڭىزدىكى بۇ مەنزىرە ئىنتايىن روشەن، گويا بىر پارچە شېئىرىي ھېسسىياتقا تويۇنغان سۈرەتنىڭ ئۆزى. سىز بۇ مەنزىرىنى نېمىشقا باشقىچە يازماي، مۇشۇنداق يازدىڭىز؟ باشقىچە يېزىشقىمۇ بولاتتىغۇ؟ ياق، ئۇنى باشقىچە يازغان بولسىڭىز زىنھار بولمايتتى. قويۇق شېئىرىي ھېسسىياتقا تولغان كەيپىياتنى مۇشۇنداق يازماي يەنە قانداق يازغۇلۇق؟ شائىرانە تۇيغۇ، شائىرانە ھېسسىياتىڭىز مانا مۇشۇ «كۆۋرۈك» ئارقىلىق «مۇشائىرە» سورۇنىغا توسالغۇسىز يېتىپ باردۇ. بۇ يەردە سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز ئىنتايىن ئېنىق. بۇ ئېستېتىك ھېسسىياتتىكى ئېنىقلىقلىق، ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ مەنزىرىدىكى «تاغ يولى»، «يىراقتىكى قىر»، «تاغ چوققىسى»، «يوچۇن ئادەم»، بۇ ئېنىقسىز، لېكىن «قارا ياغلىق»، «ئاق بۆلۈت»، «ئاق ئات»، «ئاق شايى يەكتەك»، «ئاق سەللە» ئېنىق، يەنە شۇنىڭدەك بۇلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، قاتلاملىق ئېستېتىك چۈشەنچىلىرى بويىچە تەكرار قاتلاپ چۈشەنسەك، ئوخشاشلا ئېنىقلىقلىق بىلەن ئېنىقسىزلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ تەسۋىردىكى ئەدەبىي تىلىڭىزنىڭ يېرىمى تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەشكە، يېرىمى سىزنىڭ پىسخىك ھېسسىياتىڭىزنى تەسۋىرلەشكە مۇجەسسەملەنگەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇ، پۈتۈنلەي سىزنىڭ ھېسسىياتقا تويۇنغان مەنىۋى مۇھىتىڭىزنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە ئېيتايلۇق، بۇ ھېكايىنى قەغەزگە چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى سىزنىڭ ئېستېتىك ھېسسىياتىڭىز بۇرۇن قوزغالغانمۇ ياكى قايسى سۆزلەردىن قايسى جۈملىلەرنى تۈزۈپ، ھازىرقىدەك تىل مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئىستىكى بۇرۇن پەيدا بولغانمۇ؟ شۈبھىسىزكى، سىزنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىڭىزدا ئالدى بىلەن «مۇشائىرە» يېزىشتىن ئىبارەت ھېسسىيات ۋە كەيپىيات پەيدا بولىدۇ. قەلەمنى قولىڭىزغا ئالغاندا بولسا سىزنىڭ بۇخىل ھېسسىياتىڭىز سىز ئىپادىلەۋاتقان تىلغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا چۆكۈپ، ئاق قەغەزدە پەقەت يېزىقتىن ئىبارەت بەدىئىي بەلگىلا قالىدۇ. كىتابخان ياكى ئۆزىڭىز بۇ ھېكايىنى قايتا ئوقۇغاندىن كېيىن كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سەزگۈسى پەيدا قىلغان قايتا تەسەۋۋۇردىن سىزنىڭ ئەسلىدىكى ھېسسىياتىڭىز تىل مۇھىتىدا قايتا ئىجادىي تەسەۋۋۇرغا قوشۇلۇپ، باشقىدىن نامايان بولىدۇ. يۇقىرىقى تەسۋىردە سىزنىڭ روھىي ھالىتىڭىز توختاۋسىز ھەرىكەتتە بولۇپ، تەبىئىي بۆلۈت جىملىقتا، پىسخىك بۆلۈت ھەرىكەتتە تۇرىدۇ. نەتىجىدە جىملىق تەگلىك سۈپىتىدە ھەرىكەت مۇھىتىنى تېخىمۇ يارقىن گەۋدىلەندۈرىدۇ. «قارادەك ئاق ئات»، «ئاق شايى يەكتەك»، «ئاق سەللە»، «ئاق بۆلۈت» ھەممىسى سىزنىڭ مۇئەييەن ئىجادىيەت مۇھىتىدىكى كەيپىياتىڭىز ۋە ھېسسىياتىڭىزدىن ئۇرغۇپ چىققان پىسخىك مۇئەييەنلىك، روشەنكى، يازغۇچىنىڭ مەلۇم مۇددىئا ئاساسىدىكى تىل پائالىيىتى مۇئەييەن ئېستېتىك سىما ۋە كەيپىياتقا ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل كەيپىيات قانچە ئۆتكۈر بولسا ئۇنىڭدىكى پىسخىك ئوبرازمۇ شۇنچىلىك مول ۋە رەڭدار بولىدۇ. بۇ خىل پائالىيەتنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئاساسى يازغۇچىنىڭ روھىيەت تەجرىبىسىدىن ئىبارەت. بۇ تامامەن تۇيغۇغا باغلىق جەريان بولۇپ، ئەگەر يازغۇچى ئۆز روھىي سەزگۈسىدە مۇشۇنداق مۇھىتنى، كەيپىياتنى ھېس قىلالىسا، ئۇ ھالدا، جەزمەن مۇشۇنداق تەسەۋۋۇر چىنلىقىغا ئىگە بەدىئىي مۇھىتنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ.

سىز خېتىڭىزدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، «بىز قانچىلىك گۈزەل ۋە مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللىيالىساق، بىزنىڭ سىڭدۈرمەكچى بولغان ھېسسىياتىمىز ۋە ئەسەردە ھاسىل قىلماقچى بولغان كەيپىياتىمىز شۇنچە يارقىن ئىپادىلىنىدۇ». بەدىئىي ئىجادىيەتتە تىل بىلەن ھېسسىيات چەمبەرچەس بىرلىككە كەلگەن، تىل ھېسسىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئەسەردىكى ھېسسىيات، كەيپىيات پەقەت تىل ئارقىلىقلا سىرتقا تەپچىپ تۇرىدۇ. ھېسسىياتسىز تىل بىلەن تەسىرلىك ئەسەر يېزىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەر

www.uyghurkitap.com



تىل بىلەن تىكلەنگەن ئىدراكى ئابىدە دېيىلىدۇ.

ئۇنداقتا، يازغۇچى شائىرلار بەدىئىي ئىجادىيەتتە تىل پائالىيىتىنى قانداق تەشكىللەيدۇ؟. قانداق تىل قوللىنىشى كېرەك؟ مەن ئەدەبىي تىلنىڭ، ئېغىز تىلىغا مايىل بولۇشىنى قۇۋۋەتلەيمەن. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، تارىختىن بۇيان شۆھرەت قازانغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئېغىز تىلىغا مايىل بولۇپ، ئېستېتىك زوقلىنىش شارائىتىدا زور قىزىقىش ۋە يۈكسەك ئابرويغا ئىگە. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئېغىز تىلى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا بىۋاسىتە ئاۋام خەلقنىڭ «ھېكايە ـ قىسسە» لىرى ئاساسىدا رەتلىنىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. بىز ئەدەبىي تىلنىڭ خەلق تىلىغا مايىل بولۇشتەك پىسخىك خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە ئىزدەنگىنىمىزدە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ، مىللەتنىڭ ئېتنىك مەدەنىيەت ئاساسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەمەلىيەتتە ھەر قانداق ئادەم مۇئەييەن ئېتنىك مەدەنىيەتكە مەنسۇپ، ئۇنىڭ ياشاش ئادىتى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ھېسسىياتلىنىش جەريانىنىڭ ھەممىسى ئېتنىك مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت قۇرۇلمىسىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن ئەمەس. كىشىلەر قانداق تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ياشىغان بولسا، تەبىئىي ھالدا شۇنداق خاراكتېر يېتىلدۈرىدۇ. دېھقاننىڭ سودىگەردەك، تۆمۈرچىنىڭ ياغاچچىدەك، خوجايىنىنىڭ قۇلدەك، شاھنىڭ گادايدەك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شەخسنىڭ ھايات ئېتنىكىسى مۇقەررەر يوسۇندا ئۇنىڭ ئائىلە ئېتنىكىسى، دىن ئېتنىكىسى، جۇغراپىيىلىك مۇھىت، مىللىي ھايات ۋە ئۇنىڭ پىسخىك ساھەسىدىكى شەكلەن ماددىي ئېتنىكىسى، شەكىلسىز روھىي ھالەت ئېتنىكىسى ھەم ئېغىز تىلى ئېتنىكىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئادەتتە ئېتنىك مەدەنىيەت يېزىق بىلەن قېلىپلاشمىغان يېزىقسىز تۇرمۇش قائىدىسى.

ئۆرپ ـ ئادەت بىر خىل مۇقەددەس، دەخلىسىز، مۇھىت بىلەن مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن باشقا ھەر قانداق ھوقۇققا باش ئەگمەيدىغان نەرسىدۇر.

بېلىنسكى: «ئەدەبىيات خىياللىرى» دىن.

مىللەتنىڭ ئېغىز تىلى ئېتنىك مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ ئەدەبىي تىل بىلەن بولغان پەرقىنىڭ چېگرىسى تېخىچە ئېنىق بېكىتىلگىنى يوق. نېمىنىڭ ئېغىز تىلى، نېمىنىڭ ئەدەبىي تىل ئىكەنلىكى توغرىسىدا داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن ئېغىز تىلىنى كەڭ ئاۋام خەلقنىڭ كۈندىلىك ئالاقىدا دائىم قوللىنىدىغان تۇرمۇش تىلى دەپ قارايمەن. قاراڭ، تۆتى ھېكايىسىنى باشلىدى:

بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشى بارئىكەن. ئۇ دائىم يەر ئاغدۇرۇپ، دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. قومنى تاسقاپ، ئالتۇن ئايرىيدىكەن. باشقىلار رىسقىنى ئاسماندىن تىلىسە، ئۇ يەردىن تاپىدىكەن. ئۇنىڭ كۈنى تۇپراقنى تاسقاش بىلەن ئۆتىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ دېھقان تۇپراقتىن بىر گۆھەرنى تېپىۋاپتۇ. ئۇ گۆھەر خۇددى قۇياشتەك پارقىراپ تۇرىدىكەن. دېھقان گۆھەرنى تېپىۋالغىنىغا ئىنتايىن خۇشال بولۇپتۇ. قىممىتىنى بىلىش ئۈچۈن گۆھەرنى پۇرۇشنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. گۆھەر پۇرۇش ئىلگىرى بۇنداق گۆھەرنى كۆرۈپ باقمىغىنى ئۈچۈن قىممىتىنى بىلەلمەپتۇ.

ــ بۇ گۆھەر ئىنتايىن قىممەت باھالىق گۆھەر ئىكەن. باھاسىنى مەن بىر نەرسە دېيەلمىگۈدەكمەن. سەن بۇ گۆھەرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىن، پادىشاھنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلىشى مۇمكىن. پادىشاھ سېنىڭ گۆھىرىڭ ھەققىگە نۇرغۇن ئالتۇنلارنى بېرىپ، سېنى گادايلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ ــ دەپتۇ.

دېھقان گۆھەر پۇرۇشتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا يول ئاپتۇ. يولدا ئۇنىڭغا تۆت كىشى ھەمراھ بولۇپتۇ. كەچ كىرگەندە ئۇلار بىر دەرەخنىڭ قېشىدا

ئۇخلاپ قېلىشىپتۇ. بۇ چاغدا ھەمراھلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ گۆھىرىنى ئوغرىلىۋاپتۇ. كىشى ناچار ئادەملەر بىلەن ھەمراھ بولسا ھامان ئۇنىڭ كاساپىتىگە ئۇچرايدۇ. غەپلەتتە قالغان كىشلەر چوقۇم زىيان تارتىدۇ . . . («تۇتىنامە» دىن).

بۇ يەردە قاتمال، جانسىز سۆزلەر يوق. كۆرۈپلا بىلىۋالغىلى، ئاڭلاپلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى ساددا گۈزەللىك ناھايىتى زور بەدىئىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، زاماندىن ـ زامانلارغا تارقىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا بۇ ئەدەبىي تىلمۇ ياكى ئېغىز تىلىمۇ؟ بۇ ئىككىسىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى قەيەردە؟ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى ئۇ ئېغىز تىلى ھەم ئەدەبىي تىل. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ خەلق تىلىغا مايىللاشقان ئەدەبىي تىلدۇر. ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن، زۇنۇن قادىر، تۇردى سامساق، زوردۇن سابىر، ئەختەم ئۆمەر، مۇھەممەت باغراش، ئەخەت تۇردى قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ئەدەبىي تىلدىن نېمە پەرقى بار؟ تىلشۇناسلار «خەلق تىلىنى پىششىقلاپ ئىشلىمەستىن ئەدەبىي تىلغا كىرگۈزگىلى، ئەدەبىي تىلغا ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇنداق بولسا بىز ئەدەبىياتتا نېمىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلىدۇق، پىششىقلاپ ئىشلەش ئەسلىي مەنىسىدىن قارىغاندا خام ماتېرىيالغا ئىش قوشۇپ، شەكىل جەھەتتە ئۆزگەرگەن يېڭىچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىز خەلق تىلىدىن پايدىلىنىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتىمىزدا، يېڭىچە ھېچنېمە ئىشلەپچىقارمىدۇق. بەلكى ئۆز ھېسسىياتىمىز ۋە كەيپىياتىمىزنىڭ ئېھتىياجىدىن، خەلقنىڭ ئېغىز تىلىدىكى سۆزلەرنى قايتىدىن بىرىكتۈرۈپ، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتىگە ماس كېلىدىغان تىل مۇھىتىنى شەكىللەندۇردۇق. ئۇقۇم جەھەتتىن بۇ پىششىقلاپ ئىشلەش بولماستىن، قايتىدىن بىرىكتۈرۈش دېيىلىدۇ. سىزنىڭ «ئالتۇن» ناملىق ھېكايىڭىزدىكى مۇنۇ دىئالوگنى كۆرۈپ باقايلى!

— سەلەي تۆگىچىنى ئالتۇن تېپىۋاپتۇ، دېيىشىدىغۇ . . .

— مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. مۇشتۇمدەك كېلىدىكەن.

— نەدىن تېپىۋاپتۇ.

— يوقاپ كەتكەن تۆگىسىنى ئىزدەپ بارغاندا «كوزا پۇچۇقلۇ» دىن ئۇچراپتۇ، كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ چۆلدە «غايىب خەزىنە» بارمىش.

— ھەي، كۆرمەمسەن ئۇنى، ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىغا پولاڭشىتىپ ئېسىپ قويۇپتۇ. كۆتۈرۈپ دەڭسەپ كۆردۈم. كەم ئەمەس بىر جىڭ كېلىدىكەن . . .

— ھۇ، ئەخمەق . . .

سىز بۇ دىئالوگلارنى پۈتۈنلەي خەلقنىڭ ئېغىز تىلى ئاساسىدا يازغانسىز. بۇ ئېغىز تىلى ئەدەبىي تىل ھېسابلانامدۇ؟ سىز بۇ يەردە نېمىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلىدىڭىز؟ ئەمەلىيەتتە سىز ھېچنېمىنى پىششىقلاپ ئىشلىمىگەنسىز. سىزنىڭ بۇ يەردىكى ئىجادىي ئەمگىكىڭىز پەقەت بەدىئىي ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئېھتىياجىدىن خەلقنىڭ ئېغىز تىلىدا ئەسلىدىن مەۋجۇت بولغان تۈرلۈك سۆزلەرنى سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز بويىچە قايتىدىن بىرىكتۈرىدۇ.

شۇنداق، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىشلىتىلگەن ئېغىز تىلى كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم قوللىنىلىدىغان تەبىئىي، غەيرىي رەسمىي تىلدۇر. ئېتىنىڭ مەنبەگە تەۋە بۇ تىلنى كىشلەر تۇرمۇشتا كۈندە نەچچە مىڭ قېتىم سۆزلەپ، نەچچە مىڭ قېتىم تەكرارلايدۇ. ئۇنى مەنسەپدارمۇ، سودىگەرمۇ، دېھقانمۇ، باققالمۇ، ئوقۇتقۇچىمۇ، ئوقۇغۇچىمۇ، دوختۇرمۇ، ساتىراشمۇ، يىگىتمۇ، قىزمۇ، بوۋايمۇ، مومايمۇ، خوجايىنمۇ، مالايمۇ ئۆزى خالىغانچە، نېمىدە ئېھتىياجلىق بولسا شۇنىڭدا ئىشلىتىدۇ. ئۇنى شۇ مىللەت ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسىدا تەرجىمە قىلىشىنىڭمۇ، ئىزاھلاشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئەگەر بۇ خىل تىل ئەدەبىي ئەسەرلەردە قوللىنىلسا، كىتابخانلارغا شۇ ھامان كەيپىياتتا يېقىنلىق، سۆھبەتتە راۋانلىق، ھېسسىياتتا چىنلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. ھېچكىم ـ ھېچكىمدىن سورىماستىنلا يازغۇچى،

uyghurkitap.com



شائىرلار ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق يەتكۈزگەن بەدىئىي ئۇچۇردىن بىمالال، رازىمەنلىك بىلەن بەھرىلىنەلەيدۇ:

«مەسۇم تۇمۇچۇقتا بەش تۇپ سەگۇ تېرەك تەقسىم بولدى. يەنە كېلىپ قاندىغىنى دەڭ؟ ئون بەش يىللىق — كۈن نۇرىنى توختاۋسىز ئون بەش يىل سوغۇرۇپ، ئاسمانغا قاراپ توختاۋسىز ئون بەش يىل ئۆسكەن ھەقىقىي قارا سەگۇ.

سىزنىڭ «بەش تۇپ سەگۇ تېرەك» ناملىق ھېكايىڭىزدىكى بۇ تىلدىن سىزنىڭ پىسخىك تىلىڭىزنىڭ نېگىزلىك خۇسۇسىيەتلىرى كۆرۈنەمدۇ؟ سىز ئون بەش يىللىق تېرەك دەپ يازسىڭىزمۇ بولاتتىغۇ؟ يەنە ئۇنى نېمىشقا ئۈچ قېتىم تەكرارلايسىز؟ ئەسەرنى قىسقا يېزىش كېرەك ئىدىغۇ؟ ياق. بۇنىڭغا سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىز يول قويمايدۇ. مۇبادا سىز بۇ جۈملىنى «ئون بەش يىللىق تېرەك» دەپلا يازغان بولسىڭىز، ئۆز ھېسسىياتىڭىزغا ئاسىيلىق قىلغان بولاتتىڭىز. بىزمۇ ھېكايىڭىزدىن ھەرگىز بۈگۈنكىدەك لەززەت ئالمىغان بولاتتۇق. سىز ھەقىقەتەن كۆڭۈلدىكىدەك تەكرارلىغان ئىكەنسىز.

ئېغىز تىلى ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرىدىن سىرت يەنە مەنزىرە تەسۋىرى، پېرسوناژ تەسۋىرى، روھىي ھالەت تەسۋىرلىرىدىمۇ كەڭ قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئەدەبىياتتىكى ئوبرازچانلىق، تەسىرچانلىق، ئاھاڭدارلىق، ئىجادچانلىق ئېغىز تىلىنىڭ ئۆزىدىكى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. خۇددى سىز خېتىڭىزدە ئېيتقاندەك: «ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېغىزچە تىلنى كۆپ قوللىنىش سەۋەبىدىن ئۆز سۈپىتىدىن مەھرۇم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس».

ھۆرمەتلىك نۇرمۇھەممەت: كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇزاقتىن بۇيان، ئەدەبىيات نەزەرىيە تەتقىقاتىدا، كىشلەر ھەدىسە ئەدەبىي تىلنى «شەكىل» كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ھاراق بىلەن بوتۇلكىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىپ قويۇۋاتىدۇ. مۇشۇ مەنتىقە بويىچە بولغاندا، تەبىئىيكى ھېسسىيات ئالتۇن، تىل جانسىز ساندۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، تەييار ساندۇققا ھەرقانداق ۋاقىت ھەرقانداق جايدا ھېچقانداق جەۋرى ـ جاپاسىزلا قاچىلىنىدۇ. بۇ تولىمۇ كۈلكىلىك گەپ. بۇ يەرگە كەلگەندە مەن ئېستېتىكا ساھەسىدىكى يېڭى بىر تەتقىقات نەتىجىسىنى قەيت قىلىشنى زۆرۈر تاپتىم:

«سەنئەتتىكى» شەكىل «ھەرگىزمۇ مەزمۇننىڭ بىر خىل نوقۇل ھالدىكى ‹قاچىسى› ئەمەس. يەنى، ھەرگىزمۇ ھاراق قاچىلايدىغان بوتۇلكا ئەمەس. سەنئەتتە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتى ھاراقنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى بىلەن ھاراقنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. ياكى بوتۇلكىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى بىلەن بوتۇلكىنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەزمۇننىڭ ئۆزى شەكىل، شەكىلنىڭ ئۆزى مەزمۇندۇر. سەنئەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سەنئەتنىڭ ئېستېتىك شەكلى ئېستېتىك تەجرىبىنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلى بولۇپ، ئۇ بىر خىل ئېستېتىك تەجرىبە ‹قۇرۇلما›، سىدۇر. مۇشۇ ‹قۇرۇلما›، غا تايىنىپ، سەنئەتكارنىڭ ئاشۇ ئېنىقسىز، چۇۋالچاق، تەرتىپسىز ئىدراكى تەجرىبىسى ئېنىق، تەرتىپلىك ئىچكى ھاياتقا تولۇپ تاشقان تەجرىبە گەۋدىسىگە ئايلىنىدۇ. مۇشۇ ‹قۇرۇلما›، غا تايىنىپ، سەنئەتكارنىڭ ئاشۇ گۇڭگا، تۇرغۇنسىز، تۇتۇش قىيىن بولغان ھېسسىيات تەجرىبىسى نامىنى ئاتىغىلى بولىدىغان، يەتكۈزگىلى بولىدىغان ھېسسىيات ئەندىزىسى بولۇپ تۇراقلىشىدۇ».

بۇ دەل بىزنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي يەكۈنى ئەمەسمۇ؟

ئەدەبىي تىل يازغۇچى، شائىرلارنىڭ قانىتى. مۇبادا مۇشۇ قانات «تىرىك» بولسىلا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ «تىنچلىق كەپتىرى» كۆك ئاسماندا مەڭگۇ ئەركىن پەرۋاز قىلالايدۇ.

خەيرىيەت، ماڭا مەدەت بەرگەيسىز.

1998 ـ يىلى 4 ـ ئاي، خوتەن

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

مۇختار سوپۇرگى

# بىردىن يىغىلسا يۈز بولىدۇ

«100» دېگەن سان ئوقۇغۇچىلارئۈچۈن ئالماق تەس بولغان ئەڭ يۇقىرى نومۇرنىڭ چېكى. ئۆمۈر كۆرۈشىمىزگە نىسبەتەن بېسىپ ئۆتمەك ئەڭ تەس بولغان ياش. ئەمما تارىخ ئۈچۈن ئەڭ قىسقا ئارىلىق. نامرات دېھقانلار ئۈچۈن خېلى پۇلنىڭ سانى. دېمەك «100» خېلى كاتتا ۋە خېلى كۆپ سان.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ ئانچە ئۇزۇنغا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە ئۆز تارىخىدا ئەنە شۇ «100» دېگەن ساننى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ 100 ياشقا كىرمىگەن بولسىمۇ يۈز سان چىقاردى. تالاي - تالاي ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ، دۆۋە - دۆۋە ئورگىناللار ئىچىدىن سەرخىل ۋە بىر قەدەر سەرخىل ئەسەرلەرنى تاللاپ چىقىپ، مەنىۋى ۋە ماددىي قاغجىراش ئىچىدە ياتقان قەدىم تۇپراقتىكى ئىلىمخۇمار خەلققە 100 ژۇرناللىق ئەسەر تەقدىم قىلدى. بۇ ماددىي جەھەتتىن ئۈچىسىنى تولۇق ياپالماي، نېنىنى پۈتۈن قىلالماي يۈرگەن مۇشۇ دىيار ئۈچۈن مۆجىزە خاراكتېرلىك كاتتا ئىش.

ناخشىنى ھەممە مىللەت، ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئېيتىدۇ. مەنىۋى تەشنالىق بايغىمۇ، گادايغىمۇ ئورتاق. باي - باياشات ياشاۋاتقانلار ناخشىنى ئۆز شادلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئېيتسا، نامراتلار، يوقسۇزلۇقنىڭ تەڭقىسلىقىدا ياشاۋاتقانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇڭ-ھەسرەتلىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئېيتىدۇ.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى بۇ نامرات زېمىننىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاز بولمىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. باسما ھەققىگە پۇل تۆلەش، قەلەم ھەققى تارقىتىش، مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئەسەر مۇكاپاتلاش، ئاپتورلارنىڭ تۇرمۇش ئۆگىنىش ئېكسكۇرسىيە پائالىيىتى ئۈچۈن پۇل ھەل قىلىش ...

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ئەڭ يۇقىرى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆزىنى بارغانسېرى تاكامۇللاشتۇردى، ئاجىزلىقتىن كۈچەيدى، ساددىلىقتىن ھالقىپ بىر قەدەر مول تەجرىبىگە ئىگە بولدى. ئاپتورلار قوشۇنىنى يىلدىن - يىلغا زورايتىپ، ئۆزىگە مول ئەسەر مەنبەسىنى ياراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەر مەنبەسى ۋە كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئاساسەن پەسىللىك تۆت سان چىقىرىشتىن قوش ئايلىق ئالتە سان چىقىرىشقا تەرەققىي قىلدى.

مەنمۇ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى مەكتىپىدە ئوقۇپ قاتارغا ئۆتكەن ئاپتورنىڭ بىرى. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى مېنىڭ بۈگۈنكى زامان ياش شائىرلىرىنىڭ قاتارىغا ئۆتۈشۈمدىكى كۆيۈمچان پەرۋىشكارىم. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىم ھازىرمۇ ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە.

1981 - يىلى 5 - ئايدا بىزنىڭ مەكتەپتە (خوتەن ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكوم) مەرھۇم شائىر بىلال ئەزىزنى خاتىرلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ سابىق تەھرىرى، پېشقەدەم شائىر جاپپار ئەمەت ئاكا رىياسەتچىلىك قىلدى. شائىر، ھەۋەسكارلار ئۆزلىرىنىڭ بىلال ئەزىزى ھەققىدىكى ئەسلىمە، ماقالە ۋە شېئىرلىرىنى ئوقۇدى. نۆۋەت ماڭا كەلدى، مەن تولىمۇ قورۇنغان ھالدا شائىر توغرىسىدىكى «قىزىلگۈل» دېگەن شېئىرنى ئوقۇدۇم. يىغىن ئاخىرىدا جاپپار ئەمەت ئاكا، مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى فاكولتېت مۇدىرىم، شائىر ئىمىن راشىدىن ئارقىلىق مېنى يېنىغا چاقىرتىپ «ياخشى يېزىپسىز، سىزدە ئۈمىد بار ئىكەن. . . مەن ‹يېڭى قاشتېشى› ژۇرنىلىدا ئىشلەيمەن، يازغانلىرىڭىزنى چىرايلىق رەتلەپ تەھرىر بۆلۈمىگە ئەكىرىڭ. . .» دېگەندەك ماڭا ئىلھام بولىدىغان سۆزلەرنى قىلدى. مەن تولىمۇ ھاياجانلاندىم. جاپپار ئەمەت ئاكىنىڭ سۆزى پات- پات قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلىغاندەك تۇيۇلدى. دېمىسىمۇ بىر ھەۋەسكار ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ تېتىملىق سۆز بولامتىمۇ؟!

بىر كۈنى مەن تەھرىر بۆلۈمىگە يازغانلىرىم ئىچىدە ئۆزۈمچە سەل يارايدىغانلىرىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كىردىم. بېشىغا «قىزىلگۈل» دېگەن شېئىرىمنى كۆچۈردۈم. جاپپار ئەمەت ئاكا مېنى قىزغىن قارشى ئالدى. تەھرىر مېنى تارتىنىپ قالمىسۇن دەپ قانچە تەكەللۇپ قىلغانسېرى مەن شۇنچە قورۇندۇم. ھەرىكەتلىرىم قاملاشماي، گەپ - سۆزلىرىم قولاشماي قالدى. شۇنىڭدىن

باشلاپ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى مېنىڭ دائىم بېرىپ تۇرىدىغان يېرىم بولۇپ قالدى. . . مانا ئەمدى شۇ ئىشلارغا يىگىرمە يىل بولاي دەپ قاپتۇ. مەنمۇ گۆدەك ستودېنتلىقتىن بىر قەدەر پىشقان ئوقۇتقۇچىغا، ھەممىلا نەرسىگە قىزىقىدىغان، قاملاشمىسۇن توختىماي بىر نەرسىلەرنى جىجاپ يۇرۇيدىغان ھەۋەسكارلىقتىن نوپۇزلۇق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئەسىرىم ئېلان قىلىنغان مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك ھەر خىل جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى بولغان ياش شائىرلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدىم. بۇ مۇساپىلەرنىڭ ھەممىسىدە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى مېنىڭ ياخشى پەرۋىشكارىم، يۇقىرى ئۆرلەشتىكى شوتام بولۇپ كەلدى.

دەسلەپ ئەسەرلىرىم ئېلان قىلىنغاندا ئۇنى باشقا خاتىرىگە كۆچۈرۈپ ماڭدىم، كېيىنچە كۆچۈرۈشتىن زېرىكىپ كېسىپ ئېلىپ خاتىرىگە چاپلىدىم. مانا ئەمدى ئۇنىمۇ قىلمايدىغان بولدۇم. دېمەك سان ۋە سۈپەت جەھەتتە كۆندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلدىم.

1984 ـ يىلى كۈزدە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ۋىلايەت بويىچە ئاپتورلارنى يىغىپ ئىلچى مېھمانخانىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. مەن بۇ يىغىنغا قاتنىشىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندا قانچىلىك خۇرسەن بولغانلىقىمنى يېتەرلىك ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغاندەك تۇرىمەن. چۈنكى تۇنجى قېتىم تەھرىر بۆلۈم ئىشىكىنى چېكىشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئىنتايىن بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان مەندەك بىر ھەۋەسكار ئۈچۈن ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كاتتا ئىش ئىدى. يىغىن داۋامىدا نۇرغۇن ئىسمى تونۇشلۇق بولغان ئەمما ئۆزىنى كۆرمىگەن پېشقەدەم ئۇستازلار ۋە دوستلار بىلەن تونۇشتۇم. يازغانلىرىمنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ پىكىر ئالدىم. ھازىر يىغىن دېسە ھەممىلا ئادەم تولىمۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلىدۇ. ئەمما شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ يىغىنى زېرىكىشلىك بولمايلا قالماستىن، تولىمۇ مەنىلىك، قىزىقارلىق بولىدىكەن. چىرايلىق گەپلەرنىڭ ھەممىنى بىلىدىغان كىشىلەر سەت گەپنىڭمۇ ھەممىسىنى بىلىدىكەن. يالقۇنلۇق شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلغاندا قاتتىق ھاياجانلىنىپ روھىڭىزدا پارتلاش ھاسىل بولسا، لەقەملەرنى تارتىشىپ ئېيتىشقان ئاجايىپ ـ غارايىب لەتىپىلەرنى ئاڭلاپ ئۈچەيلىرىڭىز ئۈزۈلگۈدەك كۈلىدىكەنسىز. شائىر ـ يازغۇچى دېگەن ھەقىقەتەنمۇ مەنىۋى دۇنيارىڭىزغا بىردە

گۈزەل كۆكلەم باھارنى، بىردە زىمىستان قىشنى باشلاپ كەلگۈچى ئىكەن. . .

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى بۇ يىگىرمە يىلغا يېقىن جەرياندا نۇرغۇنلىغان ئەگرى ـ توقاي يوللارنى باستى. ھارماي ـ تالماي تىرمىشىپ 100 سان ژۇرنال چىقاردى. نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەدىبلەرنى يېتىشتۈردى. نۇرغۇنلىغان ھەۋەسكارلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قولايلىق پۇرسەتلەرنى ياراتتى. ئۇلارغا كۆيۈندى. ئۇلارنى ئاسرىدى، ئىلھاملاندۇردى. تەپەككۇرىغا قانات، ئۆرلەش داۋىنىغا شوتا ئاتا قىلدى. مانا ئەمدى قارايدىغان بولساق، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ئالاھىدە پەخىرلىك ئورۇنغا سازاۋەر بولغان شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ بۆشۈكى بولۇپ قالدى.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشتە يالغۇز رايون دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالماستىن، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىن قەلىمى پىشقان ئاتاقلىق شائىر ـ يازغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئاپتورلارغا ئىجادىيەت ھەققىدە مەخسۇس لېكسىيىلەرنى ئۇيۇشتۇردى.

ئاپتورلارنى تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئۇيۇشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقىنى تەشكىلى جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا يازغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇش توغرىسىدا دوكلات سۇندى ۋە ژۇرنالنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى چىقىش قىلىپ خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى قۇردى. بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ژۇرنال پائالىيىتىنى تېخىمۇ تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر يىلى بىر ناھىيىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتورلارغا يېزا ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرۈش، كەڭ ـ كۇشادە پىكىر قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەردى.

بىر پارچە ئەسەرنى ئوقۇپ ياخشى ـ يامانلىقىغا باھا بېرىش ئاسان، ئەمما يېزىشنىڭ نەقەدەر قىيىن ئىكەنلىكىنى ھەممىلا ئادەم بىلگىنىدەك، يۇقىرىقى نەتىجىلەرنى باھالاش ناھايىتى ئاسان، ئەمما ئۇنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا مەسئۇل بولغان تەھرىر خادىملارنىڭ يۈكى ئەلۋەتتە تولىمۇ ئېغىر. بۇنىڭدا ئەستايىدىل تەھرىرلەپ ياخشىنى تاللاش، ھەر كۈنى باش كۆتۈرمەي، ئورىگىناللار دۆۋىسىگە بەنت بولغاندىن باشقا، ناھايىتى سەزگۈر بولمىسا تېخىمۇ بولمايدۇ. ھەر بىر پارچە ئەسەر ئېلان

قىلىنغاندىن كېيىنلا ئارقىسىغا ياندۇرغىلى بولمايدىغان ئۆتمۈشكە، ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان يازما ھۆججەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ ژۇرنال رەسمىي نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە جاپپار ئەمەت، روزى سايىت، ئابدۇرېھىم ئېلى ھاجى، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، ئەسئەت ئابدۇقادىر، ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر، تۇرسۇنجان مۇھەممەت، دىلنۇر ئابلىز، مەتسېلىم مەتقاسىم قاتارلىق تەھرىر خادىملارنىڭ جاپالىق ئەجرىگە نائىل بولۇپ كەلدى. بۈگۈنكى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەر بىرىگە يۇقىرىقى باغۋەنلەر ۋە تەلەپكارلارنىڭ قان - تەرى، ئەقىل - پاراستى سىڭگەن.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ئاپتور بولماقتىن تەھرىر بولماق قىيىن، چۈنكى ئاپتوردا پەقەت يېزىشتىن ئىبارەت بىرلا بۇرچ بولسا، تەھرىردە تاللاش مەجبۇرىيىتى، تەھرىرلەش مەجبۇرىيىتى، تەڭشەش مەجبۇرىيىتى، ئاپتورلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئۇيۇشتۇرۇش مەجبۇرىيىتى، ئەڭ مۇھىمى ناھەقچىلىق پەيدا قىلماسلىق، سىياسىي جەھەتتە خاتالاشماسلىق، ژۇرنالنى خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈۋەتمەسلىك مەجبۇرىيىتى بار. ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ياخشى باھاغا ئاپتور مۇشەررەپ بولىدۇ، يامان ئاقىۋەتكىچۇ؟! ئەلۋەتتە تەھرىر جاۋابكار.

شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، تەھرىر بولغان كىشى ئۆزىنى بىر كىشىلىك كىتابخانىغا ئايلاندۇرۇپ قويسا ھەرگىز بولمايدۇ. بىر كىتابخانىغا نىسبەتەن ئۆزى خالىمىغان ئېقىمدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇماسلىق ئەركىنلىكى بولىدۇ. ئەمما تەھرىر بۇ ئەركىنلىككە ئىگە بولسىمۇ، ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيەت ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ. چۈنكى بىر ژۇرنالنى ھەممىگە باب كېلىدىغان قىلىپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەممە تەرەپكە تەكشى مۇئامىلە قىلمىسا بولمايدۇ. دېمەك تەھرىر بولغان كىشى ئۆزىنى ئەدەبىياتنىڭ ھەممە شەكىل ۋە ھەممە ئېقىملىرى ھەققىدىكى نەزەرىيە بىلەن ئەتراپلىق قوراللاندۇرۇشى، ئۆزىدە خالىسۇن - خالىمىسۇن ھەممىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىش قارىشىنى تۇرغۇزۇشى زۆرۈر.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى يىللاردىن بېرى زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئاساسىي مېلودىيىنى سوتسىيالىستىك يېڭى تىپلارنى گەۋدىلەندۈرۈشكە قاراتتى. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى، ئەۋزەللىكىنى تونۇپ يەتكەن ئاكتىۋال ئىدىيىگە ئىگە ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يورۇقلۇققا چىقىرىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت كىشىلىرىگە ئۈمىد، جاسارەت بېغىشلايدىغان ساغلام كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەمما نوقۇل سىياسىينى تەشۋىق قىلىدىغان، ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتىدىن چەتنەپ ژۇرنالنى ئاخبارات ۋاسىتىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان ئاغمىچىلىقتىن ئىمكانقەدەر ساقلاندى.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ھەر جەھەتتىن ياخشى باشقۇرۇلغان ژۇرنال. ئۇ پائالىيەتچانلىق روھىغا ئىگە بولۇپ، ھەر يىلى چوقۇم بىر قېتىم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش ئىشىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋام قىلدى. ھەر يىلى بىر قېتىم — بىر ناھىيىدە بارلىق ئاپتورلارنى يىغىپ مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشنى ئۈزۈپ قويمىدى. ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە شۆھرەت قازانغان نوقتىلىق ئاپتورلارغا تون يېپىش، ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ئاپتورلارنى ژۇرنالدا تونۇشتۇرۇش (بۇ ژۇرنال ئاپتورلارنى تونۇشتۇرۇشتا قانداقتۇ قايسى بېتىگە قارىسا سۈرەت بولغان «ئادەم ئىزدەش ئېلانى ژۇرنىلى» بولۇپ قېلىشتىن ساقلاندى)، نورۇزلۇق، ھېيتلىق، بايراملىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتتە ئاز بولمىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى.

خوتەندىن ئىبارەت بىر نامرات زېمىندا چىقىۋاتقان بۇ ژۇرنالنىڭ شۇنچىلىك ئىشنى قىلالىشى ھەرگىز ئاسان ئەمەس. بۇنداق بولۇشتىكى تۈپ مەقسەت خوتەن خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئاچ قويماسلىق ئۈچۈن ئەلۋەتتە. ماددىي جەھەتتىن تويۇنالمىسىمۇ مەنىۋى جەھەتتىن ئېچىرقاپ كەتمىسۇن دېگەندىن ئىبارەت.

بىردىن يىغىلسا يۈز بولىدۇ، «100 يىل» ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپە، «100» دېگەن سان بۇ نامرات زېمىنغا نىسبەتەن ئاز سان ئەمەس. 100 سان ژۇرنالنى ئۈزۈپ قويماي، ئوڭۇشلۇق چىقىرىش تېخىمۇ مۇشكۈل.

مەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ 100 سانغا يەتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنالنىڭ مۇساپىسىنى، مۇۋەپپەقىيىتىنى، ئۆزۈمنىڭ ژۇرنال بىلەن بولغان باغلىنىشىمنى ئەسلەۋېتىپ شۇنداق يەكۈنگە ئېرىشتىمكى — «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى مەن ۋە ماڭا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان كىشىنى قاتارغا قوشقان بىر پەرۋىشكار تەلەپچان ئەدەبىي ئانا.

1998 - يىل 7 - مارت، خوتەن

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

www.uyghurkitap.com



ئابدۇغېنى سەيدىن

# ئەھمەد شاھ قاراقاشىنىڭ «شاھ پولو»، «مېۋىلەردىكى جېدەل» ناملىق ئەسەرلىرى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

«مۇھەببەتنامە»، «سالامنامە»، «نەزەر مۇقتىغا خەت»، «ئات ھەققىدە قىسسە»، «يامان ئات ھەققىدە مۇخەممەس» دېگەندەك ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ، خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى شەكىلدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان، قويۇق ساتىرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە مۇخەممەسى ئارقىلىق بىزگە تونۇشلۇق بولغان ئەھمەد شاھ قاراقاشى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم شەخسلەرنىڭ بىرى.

ئەھمەد شاھ قاراقاشىنىڭ بۇ ساتىرىستىك مۇخەممىسىنىڭ خەلق ئارىسىدا ئەلنەغمىچى ھەسەن تەنبۇردەك سازەندىلەرنىڭ ئاغزاكى شەكىلدە تارقىتىشى نەتىجىسىدە، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ، ئىككى كەسىرلىك قىسمەت شامالللىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەنلىكى، ئەھمەد شاھ قاراقاشىنىڭ ئۆز دەۋرىدىلا كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەمدە شائىرنىڭ باشقا يازمىلىرىنى تېپىش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ، ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ساتىرا ژانىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ روشەن گەۋدىلىنىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. بۇ نۇقتىنى ئالدىن سەزگەن ئىزدەنگۈچىلىرىمىز، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ ساھەدە ئىزدىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ھەم ئەھمەد شاھ ئىجادىيىتى توغرۇلۇق ئەتراپلىق، ئەستايىدىل ئىزدىنىشىمىزگە يول ئېچىپ بەردى.

ئەھمەد شاھ قاراقاشى 1750 ـ يىلى (بەزى ماتېرىياللاردا 1740 ـ يىلى) قاراقاش ناھىيىسىگە قاراشلىق قاپاقلا يېزىسىنىڭ ھالايلى (ھويلا ئالدى) مەھەللىسىدىكى مۇبارەكشاھ ئۇلۇغ ئىسىملىك مۆتىۋەر مۇدەررىس ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئەھمەد شاھ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە دادىسىنىڭ مۇدەررىسىدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلىكتە، ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى بولغان ناۋايى، خوجا ھاپىز شىرازى، سوپى ئاللا يار... قاتارلىق شائىرلارنىڭ خوش ئاھاڭ غەزەللىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شائىرلىق تالانتىنى يېتىلدۈرگەن. شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىدىكى تىنىدىتسىيىلەرگە قارىغاندا، ئەھمەد شاھ 15 ـ ئەسىردە خوتەندە ياشاپ، ئىجاد قىلىپ ئۆتكەن شائىر ئەھمەدشاھ «سازلار مۇنازىرىسى» ۋە ئۆزىدىن بۇرۇن ئىجاد قىلىپ ئۆتكەن دەۋرداش شائىر مەھزۇن خوتەنىنىڭ مۇنازىرە ئەدەبىياتىغا ياتىدىغان، قوغۇنلارنىڭ بەس ـ مۇنازىرىسى تەسۋىرلەنگەن يىرىك ئەسەرلىرىدىن ئۇنۇملۇك ئوزۇق ئالغان. خەلق قوشاق ۋە لەتىپىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغان. ئۆزىدە ھازىر جاۋابلىق، لەتىپە ئېيتىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرگەن.

18 يېشىدىن 24 يېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا، قەشقەردىكى «خانلىق مەدرىسە» دە ئوقۇش جەريانىدا، ئىلگىرى ئۆگەنگەنلىرى بىلەن يېڭى مۇھىت، يېڭى بىلىملەر ئارقىلىق ئۆزىنى تېخىمۇ تويۇندۇرۇپ، قېلىپلىشىپ قالغان تېما، ئىدىيە، تىل رامكىسىدىن خالىي بولغان، رېئاللىق بىلەن ئەڭ يېقىن ئارىلىقتا يۈز تۇرانە پىكىرلىشەلەيدىغان ساتىرا قامچىسىنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت خاھىشى قىلىپ بەلگىلىگەن.

ئەھمەد شاھ تالىپلىق تۇرمۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، قاراقاشتىكى چوڭ مەدرىسە — «گوزەر» مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك، گوزەر مەسچىتىدە ئىماملىق قىلغان. قوشۇمچە تېۋىپلىق كەسپى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. 1828 ـ يىلى 78 يېشىدا (بەزى ماتېرىيالدا 88) كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەھمەد شاھ 4 ـ ئەۋلاد ۋارىسى، قاراقاش گوزەر مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇقادىر ئاخۇن قاتارلىق تىرىك شاھىتلارنىڭ (1982 ـ يىلى) ئېيتىشىچە، ئەھمەد شاھنىڭ تالىپلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «ياپىلاق»، «پۇل»، «شاھ پولو»، «مېۋىلەردىكى جېدەل»، «دوڭغاق»، «ھەزرەت» قاتارلىق 30 پارچىدەك غەزەل، مۇخەممەستىن تەركىب تاپقان بىر دىۋانى يادىكار قالغان. ئەپسۇسلىنارلىقى، 1968 ـ يىلى قىسمەتنىڭ تەتۈر قويۇنلىرى تەرىپىدىن نەلەرگىدۇ ئۇچۇرۇلۇپ كېتىلگەن. خۇشاللىنارلىقى، شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ساتىرا قامچىسى بىلەن ساۋاپ، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانىنى

جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن «مېۋىلەردىكى جېدەل» ناملىق ئەسىرى خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ 1930 - يىللار ئەتراپىدا خاتىرىلىنىۋېلىنغان بىر ۋارىيانتى تېپىلىپ 1982 - يىلى 3 - سان «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ ئاممىا بىلەن يۈز كۆرۈشتى. «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» دېگەن نام بىلەن يۈز كۆرۈشكەن 133 كۇپلېت، 266 مىسرالىق بۇ تولۇقسىز نۇسخىسى ساتىرىتىك شائىر ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەرگە زور ئىلھام بەردى. نەتىجىدە بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى غۇلجىدىن تېپىلىپ «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» بىلەن تولۇقلاندۇرۇلغان 180 كۇپلېت، 360 مىسرالىق نۇسخىسى «مېۋىلەر ۋەسفى» دېگەن نام بىلەن 1988 - يىللىق 2 - سان «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ بىزنىڭ ئەھمەد شاھ ئىجادىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق ئاساس بولۇپ قالدى.

ساتىرىستىك گۈزەللىكنىڭ روشەن نامايان بولۇشى، شۇ مىللەت ئەدەبىيات تارىخىدىكى يېڭى باسقۇچنىڭ باشلىنىش ۋاقتىسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئېستېتىك قارىشىدىكى يېڭىلىنىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن سىڭىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئەھمەد شاھ ئۈستىدىكى ئىزدىنىشىمىز بىزنىڭ يالغۇز ئەدەبىيات تارىخى سەھىپىمىزنى بېيىتىپ قالماستىن، ئېستېتىك تەرەققىيات تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئۆزگىچە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ۋاقىتنى تېخىمۇ جانلىق گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەھمەد شاھنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ياكى ھەر قايسى دىۋانلاردا ئۆزىنىڭ يېڭى تۇغۇمىنى ئىستەۋاتقان ئەسەرلىرىنى ۋە نۇسخىلىرىنى قېزىپ چىقىش سەل قارىغىلى بولمايدىغان مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى. بىز، ئەھمەد شاھنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان يۇقىرىقى 13 تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ ئۆز ئارا قىلىشقان ماجىراسىدىن تۈزۈلگەن «مېۋىلەر ۋەسفى» ناملىق ئەسىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، تەرجىمىھالى يېتەرلىك بولمىغان شائىر موللا نىيازنىڭ 1841 - يىلى دىۋانچە ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن «دىۋان نىيازى» نىڭ ئاخىرىغا قىستۇرۇلغان مېۋىلەر مۇنازىرىسى ئاساس قىلىنغان ئەسەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارساق، «مېۋىلەردىكى جېدەل» نىڭ ئەڭ كونا يازما نۇسخىسى بىلەن شۇنداقلا ھازىرغىچە تېپىلمىغان «شاھ پولو» ناملىق ئەسىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلغۇسى.

دەسلەپكى قەدەمدىكى ئىزدىنىشلەرگە قارىغاندا، موللا فەتىھ قومۇلى ئىسىملىك خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «دىۋان نىيازى» نىڭ مۇئەللىپى تۇرپانلىق موللا بۇساق نىيازى بولۇپ، شائىر لۈكچۈن ۋاڭى مۇھەممەد ئەفرىدۇن ۋاڭ ئوردىسىدا ئىجاد ئېلىپ بارغانلىقى، 1850 - يىلى ئەتراپىدا ئەفرىدۇن ۋاڭغا ئەگىشىپ قەشقەرگە كەلگەنلىكى، سىدىق بەگ باشچىلىقىدىكى قەشقەر خەلقىنىڭ مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئىز دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا تولۇقسىز مەلۇمات بار.

موللا نىيازنىڭ دىۋانىغا 136 پارچە غەزەل ۋە مۇنازىرە خاراكتېرىنى ئالغان ئىككى پارچە ساتىرىستىك ئەسەر كىرگۈزۈلگەن. شائىرنىڭ 200 مىسراغا يېقىن غەزەللىرىنىڭ ھەممىسىدە جۇدالىق چۆلىدە ۋىسال گۈلزارىنى ئۈمىد قىلىش ئارقىلىق كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇۋاتقان؛ ۋىسال، ساداقەتمەنلىك يولىدا پەرۋانىدەك ئوتقا ئۆزىنى ئېتىشقا تەييار تۇرغان، دەردمەن، مەجنۇن سۆپەت ئاشىقنىڭ لىرىك ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. پىكىر، مەزمۇن ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر كۆپ تەكرارلانغان. بىز بۇلاردىن پەقەت شائىرنىڭ بەلگىلىك بەدىئىي ئىستىداتىنى كۆرۈپ ئالالايمىز، خالاس. بىراق، دىۋاننىڭ ئاخىرقى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن 325 كۇپلېتلىق 650 مىسرالىق تائاملار ۋە مېۋىلەر توغرىسىدىكى ساتىرىستىك، مەسەل خاراكتېرىدىكى داستان بىزنى ئۆزگىچە پىكىر ئالىمىگە باشلاپ كىرىدۇ. ھەمدە شائىرنىڭ 200 مىسرا ئۆپچۆرىسىدىكى غەزەللىرىنىڭ تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، بۇ ئىككى پارچە ئەسەرنىڭ ئوشبۇ دىۋانچىنىڭ مۇئەللىپىنىڭ ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلەندۈرىدۇ. مانا مۇشۇ خىل پىكىرنىڭ تۈرتكىسىدە ئېلىپ بېرىلغان سېلىشتۇرۇش بۇ ئىككى پارچە ھەجۋى خاراكتېرلىك ئەسەرنىڭ ئەھمەد شاھ ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىسپاتلاپ بەرگۈسى. بىز بۇ پىكرىمىزنى كونكرېت دەلىللەش ئۈچۈن «مېۋىلەردىكى جېدەل» نىڭ بىر قەدەر تولۇق ۋارىيانتى دەپ قارالغان «مېۋىلەر ۋەسفى» («بۇلاق» 1988 - يىل 2 - سان)

www.uyghurkitap.com

بىلەن «دىۋان نىيايازى» غا كىرگۈزۈلگەن مېۋىلەر توغرىسىدىكى ئەسەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

«مېۋىلەر ۋەسفى»
ئىشتىڭلار ھېكايە ئەي ياران،
مېۋىلەر ۋەسفىنى قىلاي ئەئىيان.
باغ ئارا ناگەھان نەزەر قىلدىم،
ماجراسىن كۆرۈپ ھەزەر قىلدىم.
مېۋىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ،
جەڭ مەيدانىنى ئەجەب قۇرۇشۇپ.
قىلادۇر ئۆز ـ ئۆزىنى يەئرىفات،
ئۆزىدىن ئۆزگىلەرنى قىلدى ئۇيات.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
ئۆرۈك ئايتۇر كېلىپ: «ئاي ئۇجمە،
تولا ھەددىن زىيادە لاپ ئۇرمە.
سېنى ئەي ئۇجمە، ئىت ـ ئېشەكلەر يەر،
مەن ھەم بولماغاچ زەرۇر سېنى يەر.
يەنە ھەم يەر سېنى غەرىبۇگەدا،
بۇلادۇر تۇشكەنەڭ ئېشەككە غىزا.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
بولدى بۇ يەردە ماجوراسى تەمام،
ھەممەسى ئالدى غەلبەدىن ئارام.
بۇ كېنايەتنى نەزىم قىلدى،
مېۋىلەر ۋەسفىنى ئەدا قىلدى.

«دىۋان نىيايازى»
. . . ئىشتىڭلار ھېكايە ئەي ياران،
مېۋىلەر ۋەسفىنى قىلاي ئايان.
باغ ئارا ناگىھان نەزەر قىلدىم،
ماجراسىن كۆرۈپ ھەزەر قىلدىم.
قىلادۇرلەر ئۆزىنى تەئرىفات،
ئۆزىدىن ئۆزگە مېۋىلەر ئۇيات.
مېۋىلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ،
جەڭ مەيدانىنى ئەجەب قۇرۇشۇپ.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
ئۆرۈك ئەيتۇر يەنەكى: ئەي ئۇجمە،
تولا ھەدىن زىيادە لاف ئۇرمە.
سېنى ئەي ئۇجمە ئەل ئۇلاغ ئاتى يەر،
مەن بەھەم بولماسام زۆرۈرى سېنى يەر.
يېسە ھەم يەر سېنى غەرىبۇ ـ گادا،
بولادۇر تۇشكەنىڭ ئېشەككە غىزا.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
قىلدى بۇ يەردە ماجرانى تامام،
ھەمەسى تابتى غەلبەدىن ئارام.
نىيازى بۇ ھېكايەت بى ناۋا قىلدى،
مېۋىلەر ۋەسفىنى ئادا قىلدى.

بۇ يەردىكى زور ئوخشاشلىق بىلەن قىسمەن پەرقلەر يەنى ھەر خىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان كۆپلىپت ئالمىشىپ قېلىش، فونتېكىلىق پەرقلەردىن روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ مېۋىلەر توغرىسىدىكى مۇنازىرە خاراكتېرلىك ساتىرىستىك ئىككى ئەسەر بىر مۇئەللىپقا تەئەللۇق. بۇ روشەن قانداشلىقتا ئىگە بولغان ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان 13 تۈرلۈك مېۋە ـ چېۋىلەر ئوخشاش، ئۇلارنىڭ مۇنازىرە تەرتىپىدىن تارتىپ كېيىن مۇيەسسەر بولغان ھوقۇقلىرىمۇ ئوخشاش. مۇشۇ نۇقتىلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ «دىۋان نىيازى» دىكى مېۋىلەر توغرىسىدىكى ئەسەر بىلەن تائاملار توغرىسىدىكى ئەسەرنىڭ ئەھمەدشاھ قاراقاشىنىڭ «مېۋىلەردىكى جېدەل» ۋە «شاھ پولو» ئەسىرىنىڭ دەل ئۆزى دەپ دىئاگنوز قويۇشقا بولىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئەھمەد شاھ قاراقاشىنىڭ «مېۋىلەردىكى جېدەل» ۋە «شاھ پولو» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقى توغرۇلۇق ھەمدە تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بار. «دىۋان نىيازى» دىكى مېۋىلەر توغرىسىدىكى ئەسەر بىلەن شىربىرەنچ (شويلا) شاھ، پالۇدە بەگ، ھالۋا موللا، رىشاله قازى، قاتلىما خەلپەت. . . قاتارلىق ھەر خىل تائام، كۆكتات ۋاھاكازالار تەسۋىرلەنگەن ساتىرىستىك داستاندا تۈرلۈك مېۋە ۋە تائاملارنىڭ قايسى خىل كېسەلگە شىپاھ ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. بۇ ساتىرىستىك داستاندا يەنە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆزئارا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش، ئۈستۈنلۈك تالىشىشتەك ئىللەتلەر ھەزىل قىلىنىپلا قالماستىن، ئەينى دەۋردىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن ئەمەلدارلارنى «ئۆز يۇرتىدىن يىراقلاشتۇرۇش» چارىسى ۋە ئۆز تۇغقانلىرىنى، يېقىنلىرىنى ئەمەلگە ئولتۇرغۇزۇش «سىياسىتى» نەتىجىسىدە بىر قەۋم ئىچىدىمۇ ئۆزئارا ئۈستۈنلۈك تالىشىش ئەۋج ئالغانلىقىنى كۈچلۈك ھەجۋىي ئاستىدا ئىپادىلىگەن. بۇنداق قامچىلاش ئۇردا شائىرىغا خاس بولماستىن ئەھمەد شاھدەك خەلق سۆيەر سەنئەتكارلارغىلا خاس. . .

ئىككىنچىدىن، «راستىنلا، ھەقىقەتەن» ـ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان خوتەن

شۇئىسىغا تەۋە بولغان «چىن، پىششىغ» ؛ «مۆلۈك ساقلىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان خوتەن شىۋىسىگە تەۋە بولغان «قازناقچى»[1] دېگەندەك شىۋىلەرنىڭ «دىۋان نىيازى» دىكى ئىككى پارچە سائىرادا ئۇچرىشىدىن سىرت، ئەتلەسنىڭ تىلغا ئېلىنىشى، ئۇجمىنىڭ ئۈزۈنى تەرىپلەپ: «يافراغىم فەزلىنى قىلاي زاھىر، بەردى قۇرۇتقە ئايۇب سابىر»، «ئەي مېنى موللالار سۆيۈپ جامە — كاغەز ئېتىب بۇتۇرلەر دالنامە» دېگەن بايانلىرى بىلەن خوتەننىڭ پىلىچىلىك، ئەتلەسچىلىك، قەغەزچىلىك تارىخىنى جىپسىلاشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق؛ ئۇشبۇ سائىرالارنىڭ خوتەنلىك ئەھمەد شاھ قاراقاشقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

ئەسەرنىڭ «دىۋان نىيازى» غا كىرگۈزۈلۈپ قېلىشىدا مۇنداق سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

﴿1﴾ ئەھمەد شاھ 1828 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. «مېۋىلەردىكى جېدەل» بىلەن «شاھ پولو» بەلكىم 1790 ـ يىلدىن 1815 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قەشقەردە پارتلىغان زىياۋىدىن خوجا باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭغىچە بولغان ئارىلىقتا ياكى ئۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل كېيىن يېزىلغان. «دىۋان نىيازى» 1841 ـ يىلى دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ ئارىلىقتىكى بوشلۇقتا خەلق سەنئەتكارىنىڭ تۆرتكىسىدە ئەھمەد شاھ قاراقاشنىڭ بۇ نادىر ھەجۋىيلىرى موللا نىيازى بىلەن ئۇچراشقان. ۋاقىتلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشنى بېيىتىپ كېلىۋاتقان موللا نىيازى بۇ ئەسەرلەرنى خاتىرىلىۋېلىپ ۋاقىت ئۆردىسىدا كۆڭۈل ئېچىشلاردا دېكلاماتسىيە قىلىپ كەيپلەشكەن ئەمەلدارلار ئارىسىدا كۈلكە قوزغىغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. يەنى شائىر موللا نىيازى ھەممە غەزەللىرىنىڭ ئاخىرىدا باشقا كلاسسىكلارغا ئوخشاش ئەسەرلىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۆز ئىسمىنى قىستۇرۇشنى «مودا» قىلغان. ئەمما مېۋىلەر توغرىسىدىكى سائىراغا ئۆز ئىسمىنى قىستۇرۇش جەريانىدا ئەسلىدىكى 10 بوغۇملۇق مىسرانى 12 بوغۇم قىلىپ قويغان. تائاملار توغرىسىدىكى ھەجۋىيگە ئۆز ئىسمىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ «مۇۋاپىق چارىسىنى تاپالمىغان». ﴿2﴾ كاتىپلارنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن «دىۋان نىيازى» دا بۇ ئىككى سائىرانىڭ ئورۇن ئېلىپ قېلىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ...

قانداقلا بولمىسۇن، بىزدە دەسلەپكى دەلىللىرىمىز ئارقىلىق «دىۋان نىيازى» دىكى 225 كۇپلېت 450 مىسرالىق 13 تۇرلۇك مېۋىلەر مۇنازىرىسى دەل ئەھمەد شاھ قاراقاشنىڭ ھايات شاھىتلىرى تىلغا ئالغان «مېۋىلەردىكى جېدەل» ناملىق ئەسىرىنىڭ، 100 كۇپلېت 200 مىسرالىق تائاملارغا ئائىت ئەسەرنىڭ ئەھمەد شاھ قاراقاشنىڭ «شاھ پولو» سى دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز. بۇ قاراشلىرىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى سائىرا ژانىرىنىڭ ئۆلگىسىنى يارىتقۇچىلىرىدىن بولۇشقا مۇناسىپ بولغان ئەھمەد شاھ قاراقاشنىڭ تەنقىدىي رېئالىستىك روھقا ئىگە نادىر ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى چالغۇتىشى بىلەن بىرگە موللا نىيازى توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ يەنىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىشىگە تۈرتكە بولغۇسى.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. ئەسقەر ھۈسەيىن، ۋاھىتجان غوپۇرلار نەشرگە تەييارلىغان: «دىۋان نىيازى»، بۇلاق ئومۇمىي 10 ـ سان، 138 ـ بەت.
2. «بۇلاق» 1988 ـ يىللىق 2 ـ سان، «مېۋىلەر ۋەسفى» 129 ـ بەت.
3. «باياز» خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش ئىشخانىسى نەشر قىلدۇرغان.
4. تۇردى سامساق: «ئەھمەد شاھ قاراقاش ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر مۇخەممەسى»، «بۇلاق» 1980 ـ يىل 1 ـ سان، 162 ـ بەت.
5. «مېۋىلەر مۇنازىرىسى»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1982 ـ يىل 3 ـ سان، 71 ـ بەت.
6. ئىمىنجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مانايەندىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل نەشرى 223 ـ بەت.

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

[1] رەجەپ يۈسۈپ: «قۇتادغۇبىلىك، تىكى خوتەن دىئالېكتى تەركىبلىرى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 ـ يىل 2 ـ سان 62 ـ، 66 ـ بەت.

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاشلىق، پاختا كانى، قاشتېشى يۇرتى كېرىيە ناھىيىسىدە ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. خوتەن ۋىلايىتىدىكى يۈزلىگەن ئەدىپلەر، ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرى، مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللار كېرىيە خەلقى بىلەن بىر سورۇنغا جەم بولۇپ، نورۇزغا، گۈزەل كېرىيەگە بېغىشلانغان ئەسەرلەرنى ئاڭلىدى. ئەلنەغمە نومۇرلىرىنى كۆردى. پائالىيەت ئىنتىزاملىق، شاد ـ خۇراملىق كەيپىياتتا ئۆتتى. تۆۋەندە سورۇندا ئوقۇلغان نورۇزلۇق شېئىرلاردىن بىر قىسمىنى كىتابخانلارغا سۇنىدۇق.

— تەھرىر بۆلۈم

ئابدۇراخمان قۇربان

# سالام يۇرتۇم، سالام خەلقىم

(خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى)

سالام كېرىيە — ئانىجان يۇرتۇم،
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن دىيار.
سالام كېرىيە — خوتەن گۈلباغىدىن،
سالام قېرىنداش، ئاغىنە دوست يار.

سالام تونۇش ئېتىزلار، باغلار،
كۆكسى يۇمشاق توپىلىق يوللار.
سالام مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان،
قىلچە غەمسىز باللىق چاغلار.

سالام دېھقان قەدىردانلىرىم،
سالام ماڭا مەدەت بەرگەنلەر.
سالام كۈن ـ تۈن ھەمدەم بولۇشقان،
دىل بېغىمغا كۆچەت تەرگەنلەر.

سالام مېنى قاتارغا قوشقان،
مەدەتكارىم — مېھرىبان خەلق.
سالام ئەزىز قەدىرلىك ئەل يۇرت،
گېپى ئوخشاق، مىجەزى سىلىق.

ئولۇق قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ،
تاۋاپىڭغا كەلدىم باھاردا.
نورۇزىڭغا نورۇزلۇق يېزىپ،
ئوقۇغىلى كەلدىم گۈلزاردا.

كەلدىم يەنە توغراق دېيەنزەنىنىڭ،
نۇرلىرىدىن يورۇق ئالاي دەپ.
يەتمىش ئېغىز فونتان قۇدۇقىنىڭ،
كەۋسىرىدىن ئىچىپ قاناي دەپ.

يوقلاپ كەلدىم، سېغىنىپ كەلدىم،
ئۆستەڭ زاكو، شاللىقلىرىڭنى.
سەيلە قىلغۇم كەلدى سۇ ئامبار،
ماي يولۇڭنى، تاللىقلىرىڭنى.

زەپ سېغىنىپ تىلسىمات دۇنيا،
يېڭى يېزا — دەريا بويىنى.
قارلۇق ئۆستەڭ — تاختا كۆۋرۈكنىڭ،
ئاۋاتنى بازار تويىنى.

ئوغلاق تارتقۇم كەلدى ئاتلىنىپ،
شەنبازاردا قىغاسلار سېلىپ.
يەتمىش ئىككى يېتىم بالامنى،
سۆيگۈم كەلدى باغرىمغا ئېلىپ.

يوقلىماققا بولدۇم تەقەززا،
بەختى كۈلگەن قېرىساللارنى.
كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم قاناي،
يۇرتۇم پەخرى كۆپ مىساللارنى.

ئوي ئويلىسام ئويىمدا بولدۇڭ،
چۈشۈمدىنمۇ چىقمىدىڭ بىر پەس.
بۇندا ئۆتكەن گۈزەل چاغلىرىم،
ئەس يادىمدىن كەتمىدى ھۆددەس!

ئەي ئانا يۇرت، ماڭا دىلكەش ئەل،
چىللاپ كەلدى باغرىڭغا باھار.
تۇز ھەققىڭ بار تومۇرلىرىمدا،
مەن ساڭا يار، مەن ساڭا قەرزدار.

يۈيگۈڭ كەبى مەردلىرىڭ بىلەن،
قىزىتىپسەن قازىنىڭدا جەڭ.
ۋەتەن— ئەلگە قوشار شان ـ شەرەپ،
ئانا دىيار شۇ ئۇلۇغ تۆھپەڭ.

تىلەكداشمەن پەرۋازلىرىڭغا،
يۈكسەل كېرىيە، بولغىن بەختىيار.
يۈتسۇن نادانلىق، يۈتسۇن نامراتلىق،
تېزراق باي بول ئەي ئانا دىيار.

نورۇزۇڭنى قۇتلۇقلاپ بالاڭ،
ئەي ئانا يۇرت ساڭا ئېھتىرام.

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

ئابدۇلئەھەد قادىرى

## نورۇز قەسىدىسى

سۇبھىدەم خورازلار مۇقام باشلىدى،
بىر ئىزگۇ ئارماننى بافرىمغا چىللاپ.
ئاداققى چۇشلىرىم قاسراق تاشلىدى،
خىيالدىن خىياللار تۇغۇلدى مىڭلاپ.

يېگانە قولۋاقتەك تەۋرەپ ـ چايقىلىپ،
ھېس ـ تۇيغۇم كۆكدە چېقىلدى چاقماق.
رۇجەكتىن قارىسام تۇمان تارقىلىپ،
تاڭ قىزى جىلمايدى شۇنچىلىك ئوماق. . .

بىپايان ئۇپۇقنىڭ مەڭزىدە چوغلۇق،
سۇپسۈزۈك ئاسماننىڭ چېھرىدە كۈلكە.
تەبىئەت خۇلقىدا ئاخشامقى توڭلۇق،
كۆرۈنمەس، كەتكەندەك ئايلىنىپ كۈلكە.

بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە تۇرنا پەرۋازى،
ئۈيقۇلۇق باغلاردا ئۆزگىچە سۇبات.
جان ئېلىپ جان بېرەر كەرەشمە ـ نازى،
ئۇياتچان قىزلاردەك قىرلاردا كۆكات.

كائىنات ئىلكىدە زۇمرەت پىيالە،
تال ـ چىۋىق بەرگىدە يۇمران يېشىل بىخ.
قۇشلارنىڭ تىلىدا يېڭى رىسالە،
نە قەدەر يېقىملىق مەرغۇل كەبى، ئېخ. . . !

ئىپاردەك خۇشپۇراق سالقىن، ساپ ھاۋا،
بىر شېرىن ۋىسالدىن بەرمەكتە دېرەك.
جۇدالىق دەردىگە تاپقاندەك داۋا،
نېچۇككىم، جىم تۇرماي چاپچىيدۇ يۈرەك!

ئاھ، بىلدىم زارىقىپ كۈتكەن دىلرەبا،
كۆكلەمنىڭ ئەلچىسى كەپتۇ يۇرتۇمغا.
ئېھ، نورۇز، نورۇزۇم كەلگىن مەرھابا،
كەلمىشىڭ تەسكىندۇر ھىجران ئوتۇمغا.

مەرھابا، نورۇزۇم قاناي باغاشلاپ،
كەلدى دەپ سەن بىلەن ئەجدادىم ئوغۇز،
ۋەسلىڭگە مۇيەسسەر دەقىقتىن باشلاپ،
بۇ جېنىم تەسەددۇق ساڭا ئەي نورۇز!
تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

سىدىق قاۋۇز

## نورۇز نىگار

كەلدى يەنە نورۇز ئاتلىق نىگارىم،
نە نورۇزكى، كەلدى خۇشۋاق گۈليارىم.
مېنى چىللاپ سەيلىلەرگە، سەپەرگە،
كۈلۈمسىرەپ قۇچاق ئاچتى دىلدارىم.

تويچى قىزدەك ياساندۇردۇڭ باغلارنى،
يېشىل تونغا ئوراپ كەلدىڭ تاغلارنى.
قىلىپ ئەسىر ئاشىقلىرىڭ كۆڭلىنى،
تەقدىم قىلدىڭ بۇلبۇل خۇشتار چاغلارنى.

ياغدى ئامەت بوگۈنكى شاد تويۇڭدىن،
مۇشكى ـ ئەنبەر چېچىلماقتا بويۇڭدىن.
ئىجادىمغا بېرىپ ئىلھام، قەلبىمگە،
بىر ئۆز رەسىم سىزدىڭ جانان ئويۇڭدىن.

قەلبىمدە ئوت، كارىۋان سىپى تۈزىمەن،
مەن چەۋەنداز بەيگىلەردە ئۈزىمەن.

شوڭغۇپ ئىجاد قايىنىمىغا شادىمان،
دولقۇنلاردىن جاۋاھىرلار سۈزىمەن.

سۆيدۇم سېنى ئەللىك ئەلتە يېشىمدا،
بەخت قۇشى چۆرگىلەيدۇ بېشىمدا.
نەگە بارسام قىز ـ يىگىتلەر مەشرىپى،
ناخشا ـ كۈيلەر جاراڭلايدۇ قېشىمدا.

دىلدا ھەۋەس، تىنىماي خىيال سۈرىمەن،
يارنى ئىزدەپ ئېتىز ـ قىردا يۈرىمەن.
سوغ نەزەردە كۆز ئالايتسا يارغا كىم،
قەھرىم قىيان، ئاڭا قاپاق تۈرىمەن.

رەھمەت دېدىڭ يات يولىنى تورىسام،
ئەقىل بەردىڭ سەندىن نىشان سورىسام.
بىلىپ قالغىن، مۇرادىم ھەل نىگارىم،
يوللىرىڭنى گۈل ـ چېچەككە ئورىسام.
تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئابلىمىت سەمەت

## باھار ۋە زېمىن

ــ باھار،
كۆز يېشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟
دەردىڭ كۆچەيمىسۇن، بوپتۇللا،
دېمە.
ــ ياش دېگەن تۆكۈلىدۇ خۇشاللىقتىنمۇ،
ئەي مېنىڭ ئاشىقىم،
ئارتۇق غەم يېمە.
ھىجران داغلىرىنى يۇيۇۋاتىمەن،
شېرىن ۋىسالىمنى تويۇۋاتىمەن.
قارىغىن سۇس يېشىل پەردە ئىچىگە،
بارغانچە ھۆسنۈمگە تولۇۋاتىمەن.
ــ ئەي باھار، بۇ دەمگە كۆڭلۈم زار ئىدى،
كەلمەسمۇ قايتا دەپ غېمىم بار ئىدى.
چاڭقىغان باغرىمغا تامدى كۆز يېشىڭ،
ئاھ، ماڭا شۇ قەدەر كۆڭلۈك بارمىدى؟!
ــ بىلەمسەن تېخى،
بولسامۇ مەن
تەبىئەتنىڭ شوخ، ئەركە قىزى،
كۆكسۈمدە چايقىلىدۇ ۋاپا دېڭىزى.
ــ ھەي! بۇ...
مېنىڭ كۆزلىرىممۇ تۇرغانكەن ئاران،
ئوبدانلا ئۇسا بولدى سۆيگۈ ئېتىزى.
ــ ئەي زېمىن، باس مېنى باغرىڭغا مەھكەم،
ــ ئەي باھار، سەن مېنىڭ باغرىمغا مەلھەم.
ــ ئەي زېمىن، مېھرىڭدە ياشىراي ئەمدى،
ــ باھارىم،
قوينۇڭغا چۆمكىلەي مەن ھەم!

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

ئابدۇقادىر مەتسىدىق

## نورۇز سەيلىسى

باشلاپ باراي سېنى دىلرەبا،
تەڭرىتاغنىڭ ئېتەكلىرىگە.
ئىزلىرىمىز كەتسۇن پۈركىنىپ،
خۇشبۇي نورۇز چېچەكلىرىگە.

دۇتارىڭنى چالغىن بىر نەپەس،
پەرۋاز قىلسۇن قۇشلار ئويغىنىپ.
ئېلىپ كەتسۇن تەكلىماكانغا،
كۆيلىرىڭىز تارىم ئۇلغىيىپ.

ئۇسسۇل ئويناپ بېرىمەن ساڭا،
مىڭ نەچچىنچى بوۋامنى دوراپ.
شېئىر ئوقۇپ بېرىمەن يەنە،
يازغان پەقەت ساڭىلا ئاتاپ.

نورۇز دېگەن كەلمەيدۇ كۈندە،
يۈر ئەمىسە چىقايلى يولغا.
كېلەر يىلى دەل مۇشۇ كۈندە،
مېھمان چىللاپ قويايلى تويغا.

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

دولقۇن جاپپار

## مەرھابا نورۇز

قەدىمىڭگە مۇبارەك نورۇز،
ھېسلىرىمنى چەكتىڭ ئاۋايلاپ.
ئېرىپ كەتتى باغرىمدىكى مۇز،
باھار سۆيلەپ، قىشنى سوراقلاپ.

تويى بولدى زېمىننىڭ بۇ دەم،
ھۆرى ـ غىلمان كەبى ياساندى.
ياتلىق بولدى باھار، ھەسەتتە،ــ
ئەگىزلەرنىڭ كۆزى ياشلاندى.

ئېتىز ـ قىردىن يۈز ئاچتى كۆكلەم،
چېچەك ئاچتى گۈل ــ گۈللەر تۇتاش.
ئۈششۈك تېگىپ يىقىلغان كۆزدە،ــ
ئورمانلاردىن باش ئالدى قۇياش.

سۇمبۇل چاچقا ئالماشتى چىۋىق،
سۆيگۈگە باي، چوكانتال پەسلى.
قىش ـ قېنىمغا پاتمىدىم بۇ دەم،
مەن باھارغا ئاشىقكەن ئەسلى.

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

دىلنۇر ئابلىز

# نورۇز كۈيى

(نەسر)

زىمىستاننىڭ توڭلىرىدىمۇ، جۇت ـ شىۋىرغان بورانلىرىدىمۇ هارارىتى پەسلىمەي، جىلۋىدار يار ئىشقىدا چۇچۇلە بولغان بۇ يۈرەك بۈگۈن باشقىچە بىر تۇيغۇدا بىر شوخ كۈيگە مەرغۇللانماقتا. . .

ــ نېمە، ئىلاھىنىڭ ماڭا رەھىمى كەلدىمۇ؟ ئۇ مېنى بەزلەۋاتامدۇ؟ نېمە بىلەن بەزلىمەكچىكىنە؟ . . . ياكى يۈرەكتىكى ئىشىق سەۋداسىنى ئېلىۋەتتىمۇ؟ ياق تەڭرىم، ماڭا بۇنداق رەھىم ـ شەپقەتنىڭ كېرىكى يوق. سەن ماڭا بۇنداق شېرىن زەھەرنى سۇنما! ئىشىق ئوتىنى سالدىڭ، دەردكە مۇپتىلا قىلدىڭ، بەزلىمەكچى بولساڭ جانان ۋەسلىگە يەتكۈز. ئىشقىمدىن ئايرىپ مېنى كېسەككە ئايلاندۇرما، بولمىسا مەن ئادىمىيلىكتىن مەھرۇم قالىمەن، هاياتىمنىڭ شېرىن مەنىسىدىن ئايرىلىپ قالىمەن.

ــ ياق، ئۇنداق قىلماقچى ئەمەسمەن دېدىڭما؟

ــ ئەمىسە نېمىشقا يۈرىكىم لاۋىلىرى پەسلەپ قالدى؟

ــ تىڭشا! هوشۇڭنى يوقاتساڭمۇ ئەقلىڭنى يوقاتما دېدىڭما؟

ــ هە بىلدىم، يۈرىكىم تۇيىدى، تونۇش مەپە ئاۋازى! ئەنە ئۇنىڭ يېشىل رەڭ شولىسى چۈشتى. تۇپراقتىكى كۆكتاتلار ئۇ نۇردىن رەڭلىنىپ كۆكەردى. ئۇنىڭ ئاپتاپ چېھرىدىن ئېرىگەن مۇز ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە شوخ ئېقىن ياساپ ناخشا ئېيتىپ ئويناقشىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇ تاپ قەلبىمدە جۇش ئۇرغان يېشىل مۇھەببەت هايات باهارىمغا ئىستىقبال نۇرىنى چاچتى. . .

دېھقان ئاكام «بىسمىللا» دەپ يەرگە قوش سالدى. قۇشناچىسى هويلىسىغا تاتلىق كاۋىنىڭ ئۇرۇقىنى تىكتى.

يىگىتلەر يارى ۋەسلىنى ئىزدىشىپ ئېتىغا قامچا سالدى. چۈنكى، بۈگۈن ۋىسال كۈنى، ئاشىقلار ۋەدىلىشىدىغان، بىر ـ بىرىگە شاراب سۇنۇپ، مۇھەببەت هاياتىغا ئۇل سالىدىغان كۈن! بۇ قىياپەتلەردىن ۋۇجۇدۇم يايراپ، قانلىرىم ئۆركەشلىدى. يېشىل رەڭ شايى كۆڭلىكىمنى كىيدىم. يۈرىكىم جاراھەتلىرى مۇھەببەتنىڭ مېھرىدە ئەملىنىپ شوخ بېلىقتەك پىلتىڭلاپ كۆڭۈل مەرغۇلۇمنى ئەۋجىگە كۆتۈردى!

كەل، نورۇزۇم كەل! مەن جانانىمنىڭ ئالدىغا ــ شەرق تامان غۇلاچ يېيىپ كېرىيەگىچە كەلدىم. ئەنە ئۇ راستتىنلا يېشىل كىمخاپ ياپقان، يېشىل ياقۇتتىن مارجان ئاسقان ياسداق مەيدە ئولتۇرۇپ قارلىغاچنى مەپىسگە قوندۇرۇپ ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە تۇمەن مىڭ ناز جىلۋە بىلەن قۇياشتەك ئۇز چېھرىنى ئېچىپ، هەسەن ـ هۈسەن شايىسىنى ئوراپ كەلدى: ئۇنىڭ بويلىرىغا هەشقىپېچەكتەك چىرماشتىم. . . چېكىسىگە كاۋا گۈلىدەك چىرايلىق،

خانىنىڭ چاي پىيالىسىدەك كىچىككىنە تەلپەك كىيىپ، قۇش پېيىدەك نەقىشلەنگەن پەرىجە كىيگەن كېرىيەنىڭ رەنالىرى، ۋۇجۇدىدا كۈچ ـ جاسارەت، كۆزلىرىدە ئەقىل ـ مۇھەببەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان قامەتلىك يىگىتلىرى تۇرلۇك نازۇ ـ نېمەتلەردە مول داستىخان راسلاپ بىزنى قۇتلۇقلىدى. . . ئۇلارغا بارىكاللا! داستىخىنى بەركەت تاپقاي، ئەقىل ـ پاراستى كۈنسېرى ئاشقاي، مول ھوسۇلى ساناقسىز تاغلاردىن ئاشقاي!

ــ كەل تاتلىقىم، كەل، سەن بۇ يىلقى نورۇزدا ئەڭ ئاۋۋال كېرىيەگە كېلىپ كاۋىغا ئېغىز تەگمەكچى ئەمەسمىدىڭ، مۇنۇ توخۇمنىڭ سېرىقىدەك مەززىلىك، بالدەك شېرىن كاۋىغا ئېغىز تەگ، بۇ ئۆتكەن يىلى سەن كەلگەندە تىككەن ئۇرۇقنىڭ مېۋىسى.

ئەمدى بىز تويىمىزغا باغاق يازايلى، گۈزەل ئىلچىنىڭ ساپ ھاۋالىق گۈما بوستانلىقىدىن ئەندىرە ۋادىسىغىچە بارلىق دوستلارنى چاقىرايلى، چۈنكى مېھمان تويىنىڭ يارىشىقى!

ــ كەل ئامرىقىم، ئاۋۋال مۇنۇ شارابنى ئىچىۋەت، ــ نورۇزۇم ماڭا قىزىل ياقۇت جامدا شاراب سۇندى. شېرىن كەيپىلىكتە قاناتلاندىم. سۇمرۇغدەك قانات قېقىپ دوستلىرىمغا باغاق تارقاتتىم. ئەنە بەزىلىرى كۆكنى قۇچۇپ، بەزىلىرى قويۇندەك ئۇچۇپ، بەزىلىرى شەيتانغا، بەزىسى تۇلپارغا مىنىپ چېپىشىپ كېلىشىۋاتىدۇ.

مەن جانانىم بىلەن كۆپ سىرداشتىم.

ــ مېنى بەك بىتاقەت قىلدىڭ.

ــ مەنمۇ بەك بىتاقەت بولدۇم.

ــ ئەمىسە نېمىشقا تېزراق كەلمەيسەن؟

ــ مەن ۋەزىپەمنى ئادا قىلىپ بولالمىدىم. قارىمامسەن جاھاننىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىغىچە توڭلارنى ئېرىتىپ، خازان بولغان گىياھلارنى سۇغىرىپ كۆكلىتىپ مانا ئەمدى كەلدىم.

ــ ئەمدى كەتمە.

ــ ئۇنداق دېمە، مېنىڭ يۈرىكىم مەڭگۈ سەن بىلەن بىللە.

بىز سىرداشقىنىمىزچە كەڭرى ساھىلنىڭ ئىككى قېشىغا مېھمانلار ئۈچۈن يېشىل بەقسەم كۆرپىلەرنى سېلىپ سورۇن ھازىرلىدۇق.

نورۇزۇم مېنى تېخىمۇ ئالدىرىتىشقا باشلىدى:

ــ ئى جانان، ئوت ياق، دەرھال ئوت ياق، مەن كۆك تىرىپ كەلدىم، ھېلى مېھمانلىرىمىز كېلىدۇ، ئۈنىڭغىچە مەززىلىك ھاردۇق ئېشى ئېتەيلى، كەينىدىن شاھانە پولۇ!

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئالتۇنگۈل رەجەپ

# نورۇز سۆيگۈسى

(نەسىر)

نورۇز ــ زېمىن ئانام بىلەن ئاسمان ئاتامنىڭ تويى بولغان قۇتلۇق كۈن، سۆيگۈ جامىدىكى شېرىن مەينى تەڭلاۋاتقان گۈزەل دىلبەرنىڭ شەھلا كۆزلىرىدەك نۇرانە پەسىل.

سېنىڭ ھەر دەقىقەڭ ئاشىقلارنىڭ ۋىسال قۇچىقىدا سۆيۈشلىرىدىن تۇغۇلغان.

نورۇز ــ سەن پەسىللەرنىڭ ئەركىسى، تەبىئەتنىڭ گۈل تاجىسى! قىش سېنى كۆكسىدە ئاسراپ ساقلىسا، باھار سېنى پەرىق ئۇرۇپ ئېچىلدۇرىدۇ. ياز پەپىلەپ ئۆستۈرسە، كۈز سېنى باغرىدا ئەللەيلەپ ئۇخلىتىدۇ.

ئەسىردىن - ئەسىرگە، ئالەمدىن - ئالەمگە مۇشۇنداق بولۇپ كەلدى.

نورۇز ــ گۈزەللىككە ھامىلدار تەبىئەت ئانامنىڭ كۆزى يورىغان خاسىيەتلىك كۈن. كۆك ئاتام مەشۇقىغا قوياش كۆزلىرىدە مۇھەببەتلىك بېقىپ، مۇھەببەتتىن - مۇھەببەت تۇغۇلىدىغان مۇھەببەتلىك كۈن.

نورۇز ــ سۆپىدىكى ئاق كىگىزدە ئولتۇرغان ئاپئاق چاچلىق مومامنىڭ ئاق لېچەكنى ئۇچۇرۇپ، خىياللىرىنى ئوغرىلاپ قاچقان ئوماق ئوغرى!

نورۇز ــ بوۋامنىڭ كۆكسىدە قېتىپ قالغان سۆيگۈ قەبرىسىنىڭ توپىسىنى ئۇچۇرۇۋاتقان كەپسىز سابا! نەم تۇپراقتىن بېدە بىخىنىڭ چۈچۈمەل ھىدى كېلىپ ئۆرۈك چېچەكلىرى ئارىسىدا ھۆپۈپ كۈشۈلدىغاندا خىيالى بۆلۈنگەن بوۋام، قولىدىكى تەسۋىنى قويۇپ قەدىردان مومىسىنىڭ قوللىرىنى ئاستاغىنا تۇتىدۇ. مومام سابا ئۇچۇرغان لېچەكلىرىدە يۈزىنى توسايدۇ. . . ئېھ موما بۇ مانا مۇشۇنداق خاسىيەتلىك بىر كۈن.

زەئىپ ئۆيۈڭنىڭ تۆڭلۈك - روجەكلىرىنى ئېچىۋەت موما، خانەڭگە نورۇز ئاپتىپى چۈشسۇن، سەن نۇرغا تەشنا ئەمەسمىدىڭ؟! زىمىستاندا ھۆل ئوتۇننىڭ ئاچچىق ئىسلىرىدا خىرەلەشكەن كۆزلىرىڭنى نورۇز سۆيسۇن. خام كۆمۈرنىڭ ئىسلىرىدا قارىداپ كەتكەن يۈزلىرىڭنى نورۇز سۆيسۇن، كەلگىنە موما، چاچلىرىمنى جىگدە يېلىمى بىلەن سىپتا قىلىپ قىرىق بىر كوكۇلا ئۆرۈپ قوي. پىيازلىقلىرىڭدىكى ئوسما بىخلىنىپتۇ، قاشلىرىمغا قويۇپ قوي. بىز ئاۋام قېشىغا بارايلى ئۇلار ساراخەتنىڭە قازان ئاستى. تۇمەنىڭ ئوچاقتا تەڭلا ئوت ياقتى. قېنى ئۇلار قانداق غىزا ئەتتىكىن تېتىپ باقايلى!

بىلىسەن موما بىزنىڭ بۇ ئەلدە يەتتە قوچقارنىڭ گۆشى بىر قازاندا قاينىغان نورۇزمۇ، ئېچىغان پوستەك ئۇننىڭ ئومۇچى قاينىغان نورۇزمۇ بولغان. مەيلى نېمە بولسا - بولسۇن كۈن شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربتە پاتقان نورۇزدا ئەل يايراشتىن، قازان قايناشتىن، قوشلار سايراشتىن قالمىدى.

قارىغىنا، قارىساڭچۇ ئاۋۇ باھار جىلۋىسى چاقناۋاتقان قۇتلۇق چېھرىلەرگە، يۇر مەن سېنى باشلاپ باراي، مەن سېنى شەپەقە نۇر تەسەددۇقلاۋاتقان جۇشقۇن ھايات قوينىغا باشلاپ باراي، مېھرى ئىسسىق، گېپى ئۇز، دىلى ئاق، خەلقى ئەمگەكچان مېھماندوست ــ چىرىيە دىيارىغا باشلاپ باراي. كۈلەيلى، ئوماق بالا ئانا باغرىدا ئەركىلىتىلگەندەك ھايات كۆكسىدە ئەركىلەيلى . . . دىلىمىزدا ۋىسال چېچەكلىسۇن. گۈللىرىمىزگە بۇلبۇل قوندۇرايلى.

نورۇز بىلەن باخاشلىشىپ تۇرۇپ ــ خەيرى - خوش زىمىستان دەھشىتىدە نورۇزنى سېغىنغان، يۈرەكلەرنى مۇجىغان ھىجران! خەيرى - خوش ئەمدى! قارا باغرىمدىكى نورۇز مەشۇقۇمنىڭ مېنى باغرىغا ئېلىۋالغىنىغا، مۇھەببەت بىلەن سۆيۈۋاتقىنىغا قارا. لەۋلەردىن تۆكۈلگەن گۈل - غۇنچىلارغا قارا. بىزگە باھار تەسەددۇق ، بىزگە نۇر تەسەددۇق، بىزگە ۋىسال تەسەددۇق دەپ خىتاب قىلايلى.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئەخمەتتوختى جاپپار

## خوش سەھرايىم

ئىھ، سەھرايىم
دىدار پەيتىدە،
«كەل ئوغلۇم!» دەپ ئاچقانتىڭ قۇچاق.
سېغىنىشقا تولغان كۆزۈڭدە،
تىكىلگەنتىڭ ئۇزاق، بەك ئۇزاق.

ئەپسۇس!
بۈگۈن ئۇزاتقىنىڭدا،
قىيالماستىن قارايسەن غەمكىن.
ئاھ نە ئامال؟ قايتماي دېسەممۇ،
رەنجىمىگىن كەتتى دەپ مەندىن.

ھە
ئېسىمدە،
كەلگەندە قايتىپ،
ئۇچقانتىمغۇ قۇشتەك پەر قېقىپ.
سەن بىلەمسەن، بۈگۈن نېمىشقا؟
ماڭالمايمەن ئارقامغا بېقىپ.

بىر غېرىب كۆي يۈرىدۇ كېزىپ،
دىلخانەمدە، بىلسەڭ شۇ دەمدە.
قۇرۇقدالغان كۆڭۈل قەپىسىم،
قالغاندەكلا يۈرىكىم سەندە.

ئېيتالماستىن «خوش!» دېگەن سۆزنى،
قىلىۋەتتىم كۆكسۈڭنىمۇ نەم.
قالغان بولسا تەنھا يۈرىكىم،
ساقلاپ قويغىن قوينۇڭدا مەھكەم.

تەھرىرى: مەتسىلىم مەتقاسىم

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

## ياشلىقتىكى رەڭدار تىۋىشلار

1

ئاي پارلىغان مېھرىلىك ئاخشام،
سۆيۈپ قالدىم سېنى مەن قاچان؟
سىرداش بولۇپ ساڭا ھەر نەپەس،
يايرىغۇم بار قوينۇڭدا ھەر ئان.

خىلۋەتتىكى كۆللەرگە ئوخشاش،
تىمتاس ئىدى سۆيگۈ مۇساپەم.
سەن ئىشقىمنى ئويغاتقاندىن بىرى،
ئەگىپ يۈرەر مېنى مۇڭ ـ ئەلەم.

شۇتاپ سېنى باغرىمغا بېسىپ،
لەۋ ياققۇم بار قىياقلىرىڭغا.
يۈرىكىمنى كۆرسىتىپ رەت ـ رەت،
سىر تۆككۇم بار بۇلاقلىرىڭغا.

ئاي پارلىغان مېھرىلىك ئاخشام،
ئەجەب تولا سېغىندىم سېنى.
سەندە تاتلىق سۆزلىرىم قالدى،
خاتىرەڭدىن ئۆچۈرمە مېنى.

2

يۈرگىنىم راست، ئېزىپ تۈنلەردە،
مېھرى ئىسسىق جايغا يىتەلمەي.
چېچىلمەن بوغۇق ئۈنلەردە،
كەيپىمدىكى ئازاب يېشىلمەي.

قاچان ئىچتىم سۆيگۈ شارابى،
يۈرىكىمدە لاۋۇلدايدۇ ئوت.
ساداقەتنىڭ ياڭراق خىتابى،
ماڭا بېقىن كەلتۈرمىدى قۇت.

يۈردۈم ئىشىق چۆللىرىدە خار،
ئۈمىدىمنىڭ تېگى يورىماي.
مەن يۈرمەي كىم يۈرىدۇ زار - زار،
خىيالىمغا كىرىۋالسا ئاي. . .

3

ئازاب سوراپ كەلمىگىن مەندىن،
كۆز يېشىمدا ئۈزۈملا ئاقاي.
خىرە ئۈمىد ساھىلى ئارا،
يۈرىكىمگە تەسەللى تاپاي.

خورلۇق دېگەن يېگىت قەلبىدە،
چېچەك ئېچىپ، توزۇپ تۇرىدۇ.
بۇ ھالنى سەن چۈشەنگەن چاغدا،
ھايات ساڭا كۈلۈپ تۇرىدۇ.

سۆلغىنىم راست، لېكىن ئىشەنمە،
دەردكە سىرداش ياشايمەن كۈلۈپ.
مەنزىلىمدە بولسىمۇ كاتاڭ،
يۈرەلەيمەن تاغلاردىن ئۆتۈپ.

قىسمەت ئەگىپ يۈرسىمۇ مەندىن،
گۈل سورىغىن، مۇڭلانما جېنىم.
يېنىم لايدا تۇرمايدۇ ئەبەت،
يېرىم بولغان بىلەن ئاش - نېنىم. . .

4

سەن تۇغۇلدۇڭ قايسى ئانىدىن،
ئەي قەدىردان سۆيۈملۈك كۆزلەر.
سېنىڭ تىلسىز كۈلۈشلىرىڭدە،
جەۋلان قىلار مېھىرلىك سۆزلەر.

سەن تەبەسسۇم ئەيلىسەڭ بىر رەت،
نۇر ئىلكىدە ئىللىيدۇ جاھان.
سېنىڭ قىيا قاراشلىرىڭدا،
چېچەكلەيدۇ قىشتىمۇ ئارمان.

سەن ئاجايىپ تىلسىم بىر ماكان،
كىشى ئاياغ باسمىغان گويا.
دولقۇنلايدۇ نازۇك تۇيغۇلار،
سېنىڭ چەكسىز ساھىلىڭ ئارا.

ئەي مەردانە سۆيۈملۈك كۆزلەر،
سەن خىسلەتلىك ئۆچمەس نۇر - زىبا.
سەن ھەممىگە، ھەممىگە قادىر،
مۇھەببەتتىن يارالغان دۇنيا. . .

5

تاڭ پەيزىنىڭ گۈلگۈن ناۋاسى،
لەۋلىرىمگە ياپتى شوخ كۈلكە.
گۈل بەرگىدە قىزارغان شەبنەم،
ھېسلىرىمدا قىلدى مەرىكە.

كۆي تەۋرەتكەن كەڭرى دالاغا،
ئېچىۋەتتىم خانەمنى ئۇلۇغ.
روھىمدىكى قىرتاقلىق يوقاپ،
مېۋىلىدى شادلىقىم بولۇق.

ئېچىرقىغان ئىشقىم سەھەرى،
چېچەكلىدى نۇرلار تەپتىدە.
مەن تەلمۈرگەن ۋىسال دەملىرى،
سۆيدى مېنى ئىللىق مېھرىدە.

6

ئىزىپ قالسام يولۇڭنى سوراپ،
كۆتەرسەنمۇ، يار مېنى ئىزدەپ.
كۆيلىرىڭدە ئىسمىمنى يادلاپ،
كۆيەرسەنمۇ ئىشقىمدا تونەپ.

مۇڭلار بىلەن روھسىز سىردىشىپ،
ئۆتۈپ قالسام ئۆيۈڭ ئالدىدىن.
بېقىپ گۈلدەك بېغىڭدىن قىيا،
تونارسەنمۇ ماڭا ئالمىدىن.

ئىشەنچىمدە پارلىساڭ كۈندەك،
ئىزدەپ سېنى، تىلەپ مۇھەببەت.
تەقدىر بىزنى قىلمىسا پۈتۈن،
ئاچقىن چېچەك دىلىمىرىم بىر رەت.

7

قارىچۇقۇمغا مۆكۈنگەن ناخشا،
قالدى بۈگۈن سەھەردە پارلاپ.
خىلۋەتلەردە ئۈششۈگەن كۈلكە،
نۇر بەھرىدە ئىللىدى ياشناپ.

ئۈيۈپ قالغان كۆكۈل ھېسلىرىم،
قاناتلاندى جىلۋىڭدە كۈلۈپ.
پىنھاندىكى غېرىب كەپىنى،
ۋىسال مېھرى سايراتتى سۆيۈپ.

ئابدۇكېرەم ئابدۇخالىق

# سەھرا چاتمىلىرى

## سەھرا كۆيى

جەنۇبتىكى خىلۋەت شەھەردىن،
ساڭا سالام يوللايمەن سەھەر.
سېغىنچامنى ئوراپ تېڭىمغا،
ئۇلۇغ كۈندىن باشلايمەن سەپەر.

ئۇيۇق ئاتلاپ زەنجىرسىمان يول،
قىز كۆكسىگە كەتكەن تۇتىشىپ.
بالىلىقتا ۋەدە بېرىشكەن،
جىگدىلەرگە خەتلەر پۈتىشىپ.

بەلكىم بۈگۈن قېرىدى دەرەخ،
سارغايغاندۇ يېشىل يوپۇرماق.
شۇ ئادەمسىز غېرىب كۆلچەكتىن،
سۇ كۆتۈرۈپ كېلەر بىر ئوماق.

بۇقۇلدايدۇ قەلبىم كۆكسىدە،
باغرىمدىكى قەدىمىي بۇلاق.
بىخ سۈرىدۇ يېپيېڭى بولۇپ،
بېغىمدىكى تەنها تۆت قۇلاق.

## سەھرادا بار مېنىڭ مەھەللەم

سەھرادا بار مېنىڭ مەھەللەم،
چۆرىسىنى قاپلىغان تېرەك.
باھار پەسلى بىر توپ ئاق قۇشقاچ،
باغلىرىمدا ئاچىدۇ كۆرەك.

سەھرادا بار مېنىڭ مەھەللەم،①
ياشاپ كەلدى ئۇندا توققۇز جان.
ھايات گويا تورىدۇ چاقناپ،
ئاتا ـ ئانام بولغاچ كۆيۈمچان.

سەھرادا بار مېنىڭ مەھەللەم،
ئېرىقىمدىن سۈزۈك سۇ ئاقار.
مەھەللەمگە كەلسەڭ دوستلىرىم،
يۈرىكىمدىن مۇڭلۇق كۈي تامار.

1998 ـ يىل ئۈرۈمچى

## ئۇنتالمايمەن سەھرايىم سېنى

مەن ئۈچۈن شۇ قەدەر ئۇلۇغسەن سەھرا،
يېقىملىق ناخشاڭ بار قەلبىمگە تۇتاش.
سەن بەرگەن ھاياتتا كۆكلەپ ياشىندىم،
باھاردا ئايىنغان بوستانغا ئوخشاش.

ئايرىلىپ سېنىڭدىن كەتتىم يىراققا،
ۋە لېكىن قەلبىمدە مۇڭلۇق كۈيۈڭ بار.
سېغىنسام ھەر دەقىق قۇچاقلىرىڭنى،
كۆزۈمدىن ئۈن ـ تىنسىز ياشلىرىم ئاقار.

سېنىڭدە ھاياتىمنىڭ ئۆتتى يېرىمى،
تايچاقتەك يورغىلاپ كەڭرى باغرىڭدا.
مەن قانداق ئۇنۇتاي سەھرايىم سېنى،
ۋۇجۇدۇم سېنىڭدىن پۈتۈلگەن تۇرسا.

## سەھرادىكى پوشتىكەش

سەھرادىكى ساددا پوشتىكەش،②
خەتلىرىمنى قويما يوقىتىپ.
يەتكۈزۈپ بەر ئانام قولىغا،
باھاردىكى گۈلگە ئوخشىتىپ.

يۈرىكىمگە تېگىدۇ چوقۇم،
تاپشۇرۇۋالسا ئانام خېتىمنى.
خۇشاللىقتىن ئالقىش ياغدۇرۇپ،
سىلاپ كېتەر ھەتتا قولۇڭنى.

① مەھەللەم ـ مېنىڭ ئۆيۈم دېگەن مەنىدە.

② سەھرادىكى دائىملا «پوچتالىيونى» ـ پوشتىكەش دەپ ئاتايدۇ.

ئالدىڭدىكى ئاۋۇ مەھەللە،
سېنىڭ بىلەن قەدىمىي مۇڭداش.

ھېچ كىم سېنى دېمەس سەھرادا،
ئاللىكىمدەك باغرى ئەجەب تاش.
چىپ - چىپ ئاققان تەرلىرىڭ ئارا،
بەخت ساڭا ئاچىدۇ قۇچاق.
ئانام يەنە ئىشىك تۈۋىدە،
سېنى كۈتۈپ تۇرغىلى نەۋاخ.

سەھرادىكى ساددا پوشتىكەش،
سېغىنىشىمنى يوللىدىم ساڭا.
خىياللارغا كەتمەستىن چۆكۈپ،
سېغىنىشنى يوللىغىن ماڭا.

## سەھرا

يېشىللىققا پۈركەنگەن سەھرا،
سېغىنىمەن سېنى سەھەردە.
ھۇجرامدا ئولتۇرۇپ تەنھا،
خىيالىڭدىن يىراق شەھەردە.

مامۇت ئۆمەر

ئۆتكەن مېنىڭ باللىق دەۋرىم،
باغرىڭدىكى چىغىر يوللاردا،
يىتىلگەنچە بىر توپ پادىنى،
ئېلىپ بارسام چەكسىز يايلاققا،
ئۇچرىتاتتىڭ غەمسىز بالىنى.

قويۇۋېتىپ - پادىلىرىمنى،
باغرى گۈزەل ئىللىق زېمىنغا.
ياۋا گۈلنى ئۈزۈپ ئاتاتتىم،
يالپۇز ھىدى سىڭگەن بولاققا.

ئېھ خۇشاللىق سېغىنغان كۆزلەر،
كېتەر ئىدى قۇياشتەك چاقناپ،
ئۇپۇق نۇرى سۆيگەن زېمىندا،
ئىزناتتىم دائىما يالغۇز،
تۇتاش كەتكەن چىغىر يوللاردا.

تۇن پەردىسىنى يېپىش بىلەن تەڭ،
قايتىپ كەلسەم كىچىك كۆلبەمگە،
باشلىناتتى مۆكۈ - مۆكۈلەڭ،
مېنىڭ ئويۇنۇش كۆلچىكىم ئىدى،
قوينىڭدىكى تارتىنچاق ئۆستەڭ.

تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

# شېئىرلار

## كۆڭلۈم

كىملەردىن رەنجىدىڭ، ئېگىلدىڭ سۇندۇڭ؟
كىملەردىن سۆيۈنۈپ يايرىدىڭ كۈلدۈڭ؟
ئارامسىز ھاياتىڭ دولقۇنلىرىدا،
قانچە رەت تىرىلدىڭ، قانچە رەت ئۆلدۈڭ؟

كۆيگىنىڭ، ئاققىنىڭ ئۆزۈڭگە ئايان،
ساددا ھەم ئاقلىقىڭ دوستلارغا بايان.
غەم - قايغۇ، شاد كۈلكە سەندە مۇجەسسەم،
ئاھ كۆڭلۈم سەپىرىڭ پايانسىز ھامان.

## چوقان

مۇھەببەت قايدا يوق جاۋاب بەر دۇنيا،
نەپرەت ھەم قايدا يوق جاۋاب بەر دۇنيا.
قەلبىمگە ئاراملىق ئەيلىگىن بىر رەت،
مۇسىبەت قايدا يوق جاۋاب بەر دۇنيا.

يىراق قىل ئادەملەر توپىدىن مېنى،
يىراق قىل كۈپىرانە سوپىدىن مېنى.
نادانلار ئوتىدا كۆيمىسۇن دىلىم،
يىراق قىل ئازغۇنلۇق يولىدىن مېنى.

ئاتا قىل تىكەنسىز گۈللەرنى ماڭا،
ئاتا قىل غەۋغانسىز چۆللەرنى ماڭا.
«ئېلىپبە» ئۆگەنگەن سورۇندا قالاي،
ئاتا قىل باللىق كۈنلەرنى ماڭا.

## تەنھا كېچە

ساداسىز تام - تورۇس، ساداسىز سۈرەت،
سوغۇق قان مۇزىكا، ئەلەملىك شېئىر.
بىر ئۆچۈپ بىر يانغان مەۋقەسىز لامپا،
سىن ئەينەك[1] ئىچىدە ئادەملەر سېھىر.

سۈكۈنات ئىلكىدە مەرھۇم مۇھەببەت،
كۆكرەكتە گۈپۈلدەر ئىچىشقان يۈرەك.
چېچىلغان كىتابلار، يېيىلغان گېزىت،
سېغىنىش كۈچىدە غەمخانە تىلەك.
يولىماس شوخ كۈلكە بۇ ئۆيگە بىر رەت،
ناگىھان كىتىرلاپ قاچىدۇ چاشقان.

---

[1] تېلېۋىزور.

www.uyghurkitap.com



كىمدۇر ئۇ سۆيگۈدىن جۇدا بوپ بۇدەم،
تولغىنىپ ئارماندا يېگانە ياتقان.

## ئەزرائىل

توختاپ تۇر ئەپەندىم ئالدىراپ كەتمە،
دوستلىرىم قەدرىمگە يېتىشۇالغۇچە.
ئۈمىدسىز كۆزۈمگە نۇر ئەيلە بىر رەت،
نامەردلەر يېنىمدىن ئۆتىشۇالغۇچە.

توختاپ تۇر ئەپەندىم ئىمكان بەر مىنۇت،
جانانىنى باغاشلاپ سۆيۈۋالغۇچە.
شەپەقدىن رىشتىلەر چېتىلدى مەھكەم.
مەن ئۇنى ئاۋايلاپ ئۈزۈۋالغۇچە.

توختاپ تۇر ئەپەندىم تۇرۇپ تۇر بىر پەس،
ۋەسىيەتنامەم بار ئېيتىشۇالغۇچە.
بىر تىنىق ئاتا قىل قەلەم ئۇچىغا،
ئاخىرقى بوغۇمنى يېزىۋالغۇچە.
تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

ئابلەت مەتكېرەم

# غەزەل

دىلىمدا بىر بۈيۈك ئارزۇ، كۆرەشسىز مەن يېتەي قانداق؟
نىشانەم ۋەسلىگە يەتمەي كۆڭۈلنى شاد ئېتەي قانداق؟
ئەجىر - مېھنەتتە تىركەشمەي، قەدەمنى زور ئېلىش يوقتۇر،
ئەجىرسىز - تۆھپىسىز مەنزىل - قارارغا يۈكسىلەي قانداق؟
ۋەتەنچۇن ئوت بولۇپ ياندىم، دىلىمدا مىڭ قۇياش تەپتى،
هارارەت بەخش ئېتىپ ئۆتمەي ئېلىمگە، ئاھ ئۆچەي قانداق؟
ۋەتەن دەپ مۇشكۇلاتلارغا ئۆزۈمنى ئۇرمىقىم - بەختىم،
تىلەكلەرنى قىلىپ مەھرۇم، ئۇتۇقلارنى كۆرەي قانداق؟
ئەجەب نۇرانىدۇر مەنزىل، ئىزىمدا مىڭ - تۈمەن چوغلۇق،
مەگەركى مېھنىتىم بولسا، ئىچىمدىن مەن كۈلەي قانداق؟
ئۆزۈم شائىر، دىلىم دەريا، ئىجادىم مىسالى بىر بوستان،
كېچە - كۈن ئىختىرا قىلماي، سىناقلاردىن ئۆتەي قانداق؟
ئەھەدنىڭ كۆڭلىدە شۇ سۆز: زەپەر چىللايدۇ ھەر دائىم،
قولۇمدا قوش قەدەھ شەربەت، ۋىسالسىز مەن ئىچەي قانداق؟
تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

ئابدۇرېشىت ئېلى

# ئىككى شېئىر

### سەنچۇ؟

كۆرۈشتۇم سەن بىلەن كۆرۈشتى يۈرەك،
كۆرۈشۇش ئۇياقتا سۆيۈشتى يۈرەك.
كەتمىگىن ئۆتۈنەي، كەتمە يېنىمدىن،
مەن سەنسىز بەرگىدىن ئاجرىغان پۇرەك.

بىلمەيتتىم دوستلۇقنىڭ ئاخىرى بىر كۈن،
باشلىنىش بولۇشنى مۇھەببەت ئۈچۈن.
مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيىمەن، سەنچۇ؟
ئېيتقىنا قەلبىڭنى، بۇ ھەقتە بەر ئۈن؟

مەن سەندىن ئايرىلسام ئۆتىمەن تەنها،
قىسمەتكە ئېچىنىپ يىغلايدۇ دەريا.
تەقدىرمۇ ئىككىمىز قولىدا ئاخىر،
مېنى سەن بەختسىز قىلمىغىن ئەسلا!

### قىزىقنى بەرمىسەڭ جىنىمنىمۇ ئال

يۈرۈگۈڭقاش، ياراتتىڭ قاچان بىر قىزچاق
قۇياشمۇ نۇر چاچتى شۇنىڭدىن بۇيان،
دەرەخلەر كۆكلىدى ئۇنىڭ مېھرىدە
دەرياغا قاشتېشى بەردى ئۇ جانان،
تېرىشتى ئاچ يۈرۈپ ئۇنى ئادەملەر
ساتتى - دە، پۇلىغا ئالدى ھاياتنى،
ياشىدى تۇپرىقىڭ سۈتىنى ئېمىپ
كېتىشتى چوڭ بولۇپ. . .
قىچقاردىڭ مېنى،
كەلدىمە شۇ كۈنى ئۇنى ئۇچراتتىم.
نامراتتىم، ئالتۇندىن بەرگىن دېمىدىم،
كۆزىدە قارىدى يۈرىكىم كۆيدى
كەينىدىن ماڭمىسام تۆكۈلدى يېشىم.

بەرگىنى جىمغۇرلۇق، ئالغىنى قەدىر،
ئەقىدەم ئېچىلدى بىر شۇنىڭ ئۈچۈن.
مەن ئاڭا مىڭ تەستە ئۆگەتتىم ناخشا،
دەپ قويغىن باشقىغا ئېيتىپ بەرمىسۇن!
تەھرىرى: *مەتقاسىم ئابدۇراخمان*

مەتتۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار



# ستۇدېنتلار ياتىقى

(پوۋېست)

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

قەزىرنى بۈگۈنكى تەنھا كوچا ساياھىتىنىڭ ھاردۇقى ۋە تازا ئاچقان قورساققا يېگەن تاماقنىڭ لەززىتى ئېزىۋەتكەنىدى. ئادەم يالغۇز قالغاندا ھېچنەرسىنى ئويلىمىدىم دېسىمۇ ئەمما يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى خىيال قىلىدۇ. قەزىرنىڭ مېڭىسىمۇ خىلمۇخىل خىياللاردىن چارچىغانىدى. تاماكا ئىسى بىلەن تۇمانلاشقان ياتاق ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ پەردىسىنى ياپتى.

مەمۇر قەزىرنى تۇرتۇپ ئويغاتتى، — قوپە ھوي ئاداش، يوقاپلا كەتتىڭغۇ بۈگۈن؟

— ياتاقتىن غىپلا قىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ بۇ - دېدى. خالمۇراتمۇ ئۇلاپلا.

قەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. لامپىنىڭ كۈچلۈك نۇرى ياتاقنى يوپيورۇق قىلىۋەتكەنىدى. كۈچلۈك چىراغ نۇرى قەزىرنىڭ كۆزلىرىنى ئىمىر - چىمىر قىلىۋەتتى - ھە سىلەرمۇ؟ سىلەرمۇ يوقۇ؟

— شەنبە بولغاچقا ئەتىگەن ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئورنۇمدىن تۇرسام مەمۇر ساقىلىنى ئېلىۋېتىپتىكەن، قارىسام سەن يوق، ئىككىمىز سېنى ساقلاپ ئۇزاق ئولتۇردۇق. كېيىن سېنى راھىلە بىلەن شەھەر ئايلانغىلى چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ-دەپ، مەمۇر بىلەن چىقىپ بىر مەيدان كىنو كۆردۇق، مانا كەچنىڭياقى سېنى ئىزدەپ بارمىغان ئالمىلىق باغ، مەكتەپتىكى ھەرقايسى ئاشخانا، تانسىخانا قالمىدى، ياتاققا چىقساق مانا مۇشۇكتەك ئۇخلاۋېتىپسەن. — خالمۇرات بىر مۇنچە سۆزلەپ قەزىرنىڭ قېشىدىلا ئولتۇردى. مەمۇر چايداندىن چاي قۇيۇپ ئىچتى. ئۇ دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان بىر قاپ تاماكىنى كۆرۈپ قولىغا ئالدى.

— ئاھاي، قەزىر بۈگۈن تاماكا ئېلىپ چەككەن ئوخشىمامسەن؟ نېمە ئىش بۇ؟ بۈگۈن تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى. خالمۇراتنىڭ خۇنۇك چىرايىدا شۇئان كۈلكە ئويىندى. ئۇ مەمۇرنىڭ قولىدىن تاماكىنى ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ.

— خېلى داڭلىق ماركىلىق ئىكەن دېگىنە تېخى، بىر تال چېكىپ باقايمۇ قەزىر نوچى.

— ئادەمنى زاڭلىق قىلمىغىنە. . .

خالمۇرات بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى ۋە مەمۇرغا بىرنى سۇنۇپ — چېكىپ باق، نېمە دېگەن مەززىلىك - ھە . . .

قەزىر خاراموش ھالدا دوستلىرىنىڭ تاماكا چېكىشىۋاتقىنىغا قاراپ بىردەم ئولتۇردى. ئۇ ياتاققا سەپسېلىپ قاراپ چىقىپ سورىدى — باشقىلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟

غالىب مۆڭ تىببىي مەكتەپكە چىقىپ كەتتى، سالى لەللەنىڭ يۇرتىدىن تۇغقىنى كەپتىكەن مېھمانخانىغا كېتىپتۇ، نەسىردىن II سەنئەت مەكتەپكە يەڭگىمىزنى يوقلىغىلى كەتتى. ئەكبەر بىلەن تۇرسۇن ھېلىقى ئەسكەر ئاغىنىسىنى يوقلاپ ھەربىي رايونغا كېتىپتۇ، قالغانلىرىمىز مانا بارار - كېلەر يېرىمىز يوق ئالدىڭدا تۇرۇپتۇق. — مەمۇر پىلىموتتەك جاۋاب بەردى.

— بەك زۇۋانداز بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟

— شۇنداق شەنبىدە ئۆزلىرى يوق، يولۋاس يوق تاغدا مايمۇن پادىشاھ بولۇپ زۇۋانداز بولۇپ قالدۇق.

قەزىر كۈلۈۋەتتى. خالمۇراتمۇ قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى دېرىزىدىن سىرتقا تاشلىۋېتىپ، دېرىزىنىڭ يەنە بىر قاپقىقىنىمۇ ئېچىۋېتىپ كارىۋاتقا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— ھەي، ئاغىنىلەر نېمە ئىش قىلىمىز؟ ماۋۇ شەنبىنى قانداق ئۆتكۈزىمىز دەيمەن؟ . . . بۈگۈن ئىككىڭ ھېلىقى شاھمات دېگەن بىر نېمىنى يەنە تىزىۋېلىشىدىغان بولساڭ خۇدا ھەققى، ئۇنىڭ ئورۇقىنى تەرەتخانىغا تاشلىۋېتىمەن، — دېدى، خالمۇرات قوللىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە نېمە ئىش قىلىمىز؟

— ئىچىمىز. بۈگۈن ماڭىمۇ پۇل كەلدى. بۈگۈن تۆتيۈز يىگىرمە ئىككىنچى ياتاقتا ئۈچ كىشىلىك ئولتۇرۇش بولىدۇ. يېمەك - ئىچمەك، ناخشا - ساز مەندىن، شېئىر - غەزەل مەمۇردىن، ئىچىش سەندىن قانداق؟ . . .

مەمۇر خالمۇراتقا بولۇشتى. شۇنداق قىلايلى قەزىر، بولسا سەن ئاران ماقۇل دېگەندە، سېنى رېستورانغا باشلاپ بىرەر - ئىككى تەخسە توخۇ كاۋىپى بىلەن مېھمان قىلساق بولاتتى. بىراق ياتاق ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى بىلەن ئوخشاش، غەلۋە - غودۇر يوق. شۇڭا ياتاقتىلا ئولتۇرايلى، شەنبە بولغاندىكىن قوغداشتىنمۇ بىرنېمە دېمەس.

— مېنى خىجىل قىلىپ قويدۇڭلارغۇ ئەمدى، بىكارغىلا مېنى دەپ . . .

— ياق ئۇنداق ئەمەس، بىزمۇ زېرىكتۇق. يۈرە خالمۇرات ئىككىمىز چىقايلى، قەزىر سەن مېنىڭ ساندۇقۇمنى تارتىپ ئۈستىگە ماۋۇ گېزىتنى سال. مەمۇر ياستۇقىنىڭ تېگىدىن بىر تاختا گېزىتنى ئېلىپ قەزىرگە بېرىپ سىرتقا ماڭغاچ — ساندۇقۇڭدىكى گۆلە، قاق، پېچىنە - پرەنىكلەرنى شىرە ئۈستىگە تىزغاچ تۇرارسەن.

خالمۇرات بىلەن مەمۇر بىر سومكىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

قەزىر ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ قانداقتۇر بىر ناخشىغا غىڭشىغىنىچە، مەمۇرنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

مەمۇر سومكىدىن بىر شېشە ھاراق، يالتىراق خالتىغا قاچىلانغان سوغۇق سەي، بىر نەچچە تۇخۇم ۋە گازىر - خاسىڭ. . . دېگەندەك نەرسىلەرنى گېزىت سېلىنغان ساندۇق ئۈستىگە تىزدى. خالمۇرات ئىستاكانلارغا چاي قۇيدى. ئاندىن لىككىدە كارىۋاتىغا چىقىپ چامادانىنى ئاختۇرۇپ سۆزۈك شېشىدىن ياسالغان رومكىنى ئېلىپ شېشە قېشىغا قويدى.

ئادەتتە ياتاقلاردا بولىدىغان بۇنداق ئولتۇرۇشلاردا، ئالدى بىلەن ساقى سايلاپ چىقىلىدۇ. ئاندىن ساقى ئۆزىگە بىر رومكا

قويۇپ ئەھۋالغا قاراپ، ئۇزۇن ياكى قىسقا كىرىش سۆز سۆزلەپ، ئولتۇرۇشنىڭ مەقسەت، سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بولۇپ «شۇڭا» ياكى «شۇ سەۋەبتىن» دەيدۇ - دە، ئولتۇرۇش سورۇنىنىڭ ئۆزىگە يارىشا قائىدە - تۈزۈم، پرىنسىپلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن «خوش» دەپلا كۆتۈرىدۇ. بۇنداق ئولتۇرۇش قارىماققا ئاددىي بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ باشلىنىشى خۇددى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ يىغىن كۈنتەرتىپلىرىدەك ئىنتايىن داغدۇغىلىق، ھەيۋەتلىك باشلىنىدۇ.

بۈگۈنكى ئولتۇرۇشقا مەمۇر ساقى سايلانغاندىن كېيىن، يوقىرىقى رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىجا كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇش باشلاندى. ئۇلار بىرنەچچە رومكىدىن ئىچىشتى، سوغۇق سەيلەردىن يېدى. قەزىرنىڭ «خېلى داڭلىق ماركىلىق» تاماكىسىدىن چەكتى. كىچىككىنە ياتاق ئىچى تاماكا ۋە ھاراقنىڭ ئەبجەش ھىدى بىلەن تولدى. سىرت قاراڭغۇ، قاراڭغۇ ئاسماندىكى سانسىز يۇلتۇزلار ياتاقتىكى يورۇقلۇق ئىچىدە تۇرۇپ قارىغاندا تولىمۇ غۇۋا كۆرۈنەتتى.

ئۇلار ئۇياقتىن - بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئاز - ئازدىن ئىچىشمەكتە ئىدى. قەزىرنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ تېخىمۇ دۈگىلەكلىشىپ كەتكەن، مەمۇرنىڭ گۆشلۈك ئېڭەكلىرىدىكى ساقاللىرى پاكىز قىرىلغان بولغاچقا، يۈزلىرى ھەتتا بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنتى. خالمۇراتمۇ بارغانسېرى خۇشخۇيلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ قايرىما كىرپىكلىك چىرايلىق كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. ئۇ ھېلىدىن - ھېلىغا قەزىرگە چاقچاق قىلاتتى.

قەزىر ئادەتتە ھاراق ئىچمەيتتى، ئەمما بۇنداق پەيتلەردە دوستلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ بولسىمۇ بىرنەچچە رومكا ئىچمىسە بولامدۇ؟ ئۇ خېلىلا ھاياجانلانغانىدى. ئۇ دوستلىرىنىڭ بولۇپمۇ خالمۇراتنىڭ خۇشال ھالىتىگە قاراپ تېخىمۇ ھاياجانلىناتتى.

مەمۇر كەينىگە يۆلىنىپ قەزىر بىلەن خالمۇراتنىڭ چاقچاقلىرىغا قۇلاق سېلىپ جىمپىلا كەتتى. ئۇ بىر نېمىنى ئويلاۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر چاغدا خالمۇرات مەمۇرنىڭ يوتىسىغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ:

— نېمە بولدۇڭ مەمۇر، ئاجايىپلىرىڭ بىر شېئىرى ئىلھام كېلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

— ياق ئاغىنىلەر، ئۆيۈمنى ئويلاۋاتىمەن. مەمۇر بوش كۈلۈپ قويۇپ — بۈگۈن شەنبە بىزنىڭ ئۆيگە ھەممەيلەن يىغىلىدۇ. ئانام نەۋرىلىرىنى سۆيۈپ ئەركىلەتسە، دادام، ئاكام ۋە ئۇكىلىرىم بىلەن پاراڭلىشىپ - ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرىدۇ. ئىككى ئاكامنىڭ ئاياللىرى تاماق ئېتىدۇ، ھەممەيلەن جەم بولۇپ، تاماق يەيدۇ. بىچارە ئانام تاماق ۋاقتىدا چوقۇم مېنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلىدۇ. مېنىڭ ئائىلەم بەك كۆڭۈللۈك. ئۇكىلىرىمنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى ئۆينى بىر ئالىدۇ. . . مەن ئۆيگە بارغاندا دادام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا بەك ئامراق. ئۇ بەك جىق نەرسىلەرنى بىلىدۇ، ئەمما چالا ساۋات. ئېسىمدە قېلىشىچە دادام ماڭا كىچىكىمدە بەك جىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. مەن خېلى چوڭ بولغۇچە دادامنىڭ قۇچىقىدا ياتاتتىم ھەي . . . مەمۇر خۇرسىندى. ئۇ كىچىك بالىدەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنتى. مېنىڭ ئۇ يېزام بەك گۈزەل، بىلەمسىلەر؟ ئۇ يېزا تەكلىماكاننىڭ يىراق بىر خىلۋىتىگە جايلاشقان. ياز كۈنلىرى پات - پات چىقىپ تۇرىدىغان قارا بورااننى ھېسابقا ئالمىغاندا تاكى باش باھاردىن كەچ كۈزگىچە پۈتۈن يېزىنى يېشىللىق قاپلاپ تۇرىدۇ. مەھەللىمىزنىڭ غەرب تەرىپىدە بىر كۆل بار، ئۇنىڭ سۈيى خۇددى ئاسماندەك كۆك، يىل بويى ياۋا ئۆردەكلەر، غازلار توپ - توپى بىلەن كۆلدە ئۈزۈپ ئوينايدۇ. مەن كىچىك ۋاقتىمدا دوستلىرىم بىلەن شۇ كۆلدىن بېلىق تۇتۇپ ئوينايتتىم. كۆل بويىدىكى قومۇشلۇقلاردىن ياۋا ئۆردەكنىڭ تۇخۇمىنى ئالاتتۇق، قوينۇم لىققىدە تۇخۇم بولۇپ كېتەتتى. قىش كۈنلىرى كۆل سۈيى خۇددى ئەينەكتەك مۇز تۇتۇپ كېتىدۇ. مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ بىردىن چانىسى بار ئىدى. مۇز ئۈستىدە بىر - بىرىمىزنى

www.uyghurkitap.com



قوغلىشىپ بەك كۆڭۈللۈك ئوينايتتۇق. ھەي . . . بەك كۆڭۈللۈك ئىدى ئۇچاغلار. مەمۇر بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق بىر شورىۋالغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى: — بىرقېتىم قارا قىشتا شۇ كۆلدە ئويناۋېتىپ كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتتىم، چانىلىرىم ھەممىسى ھۆل، دادامنىڭ ئۇرۇشىدىن قورقۇپ كەچكىچە ئۆيگە كىرەلمىدىم، كەچتە ئاكام مېنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. ئانام گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەشنىڭ قېشىدا كىيىممىنى سالدۇرۇپ تاشلاپ، مېنى ئىللىق باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ تۇرۇپ يىغلىغانتى. ھە راست، مەن ھەر يىلى يازلىق تەتىلدە شۇ كۆلدە يۇيۇنۇپ، سۇ ئۈزۈپ ئوينايمەن. بەك راھەت . . . مەمۇر يۇرتىنى، ئاشۇ گۈزەل يېزىسىنى ئەسلەپ تېخىمۇ ھاياجانلاندى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بالىلىق ھېسلىرى ئويغاتقان تاتلىق، خۇشاللىق، ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى شېرىن مەست قىلغانتى.

خالمۇراتنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندى. ئۇ مەمۇرنىڭ ئالدىدىكى رومكىنى ئالدى ـ دە، لىق تولدۇرۇپ ھاراق قۇيۇپ قەزىرگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چوڭقۇر بىر ھەسرەت، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئېغىر بىر دىل يارىسىنىڭ ئازابى چىقىپ تۇراتتى. قەزىر ئوڭايسىزلىنىپ ئاۋۋال يەرگە، ئاندىن مەمۇرغا ئەيىبلىگەندەك قاراپ قويۇپ، ساندۇق ئۈستىدە چېچىلىپ ياتقان گازىردىن بىر تال ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. خالمۇرات ھاراقنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

مەمۇر بەك ئوڭايسىزلاندى ۋە خالمۇراتنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ — كەچۈر ئاداش. نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ ئىچىڭنى پۇشۇرغان ئوخشايمەن. ئۇ بىر تال تاماكا ئېلىپ خالمۇراتقا تۇتۇپ سەرەڭگە يېقىپ بەردى. خالمۇرات تاماكىنى كۈچەپ شوراپ دېرىزىگە قارىتىپ پۈۋلىدى.

— ياق دوستۇم. مەن ناھايىتى خۇشال، سەنمۇ ئىچىمنى پۇشۇرمىدىڭ مەمۇر، ئۇ ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ كۈلۈمسىردى ۋە بۇگۈن ياتاقتا ئۇچىمىزلا قاپتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەزىرمۇ ھاراق ئىچتى، بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، سىلەر مېنى دەپلا ئىچىۋاتىسىلەر، سىلەر مەندە تۈگىمەس بىر دەردۇئەلەم بار دەپ قارايسىلەر، بۇ پەرىزىڭلارمۇ بىر ھېسابتا توغرا. بىراق شۇنى بىلىڭلاركى ھاراق ئادەمنىڭ دەردۇئەلىمىنى پەسەيتمەستىن ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ، ئاخىرى بېرىپ ئادەمنى كاردىن چىقىرىدۇ. بىلىمەن. . .

خالمۇرات سۆزدىن توختىدى، قەزىر بىلەن مەمۇر ئۇنىڭغا جىممىدە قاراپ ئولتۇراتتى. — شۇنداق. بىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى. . . ھە ئەسلى ھەركۈنى ھاراق ئىچىپ سارائىدەك يۈرسەك بولمايتتى. مەن بۇنى بىلىمەن، ئەمما ھايات مېنى ھەممە نەرسىدىن بەزدۈردى. غايە ـ ئارزۇلارنى تارتىۋالدى. شۇنداق، مېنى مەستلىكتە سۆزلەۋاتىدۇ ـ دەپ قالماڭلار. مەن سىلەرگە سۆزلىۋالاي. بىلىمەن، سىلەر مەندىن ئىككى يىلدىن بېرى نېمە ئۈچۈن بۇنداق چۈشكۈنلىشىپ كەتكىنىمنى بىر نەچچە قېتىم سورىدىڭلار، بىراق مەن ھېچنېمە دېمىدىم. مەن بۇ ھەسرەتلىرىمنى ھېچكىمگە بىلدۈرۈشنى خالىمايتتىم، ئوچۇقراق دېگەندە مەن باشقىلارنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشىنى خالىمايمەن.

ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى بىر تۇتام چېچى كۆزلىرىنى توسىۋالغانىدى. ئۇ قولىدىكى تاماكا سۇزگۇچىنى تىتىپ ـ تىتىپ يەرگە تاشلىدى ۋە كۆزىگە چۈشۈۋالغان چېچىنى بارماقلىرى بىلەن كەينىگە تاراپ قويۇپ، تىكلىنىپ ئولتۇرۇپ داۋاملاشتۇردى.

— شۇنداق! ھەر بىر ئادەمنىڭ ھېچكىمگە ئېيتىشنى خالىمايدىغان كەچۈرمىشلىرى، سىرلىرى بولىدۇ. ئۇ سىرلار ئېچىنىشلىق، ھەسرەتلىك بولغان بولسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بىلەمسىلەر! مەن سىلەر بىلەن تونۇشقاندىن بېرى ئانامنى بىر قېتىممۇ تىلغا ئېلىپ باقمىدىم — ئۇنىڭ ئاۋازى بىردىنلا يوقىرىلاپ كەتتى.

كۆزلىرىدىن مارجاندەك ئىككى تامچە ياش مەڭزىگە ئېقىپ چۈشتى. ئۇ يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ يەنە كۈلۈمسىرىدى — كەچۈرۈڭلار، ئالدىڭلاردا ياش تۆكمەسلىكىم كېرەكتى. چۈنكى كۆپ سانلىق كىشىلەر يىغلاشنى ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ، ئەمما يىغىنىڭ ئادەمنىڭ دەردۇ ئەلەم، ھەسرەت - نادامەتلىرىنى يېنىكلىتىدىغان ۋاستە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قويۇشمايدۇ.

خالمۇرات يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، بوش ئاۋازدا داۋاملاشتۇردى. — بايا مەمۇر ئانىسى ۋە ئائىلىسى توغرىسىدا سۆزلەۋاتقاندا يۈرىكىم ئېچىشتى، لەختە - لەختە قان بولدى. مېنىڭمۇ مەمۇرنىڭكىدەك بەختلىك ئۆيۈم، ئاتا - ئانام بار ئىدى. مەنمۇ كىچىك چاغلىرىمدا ھېلى ئانامنىڭ، ھېلى دادامنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئەركىلەيتتىم. ئانام، دادام مەڭزىمگە قانماستىن سۆيەتتى. مەن يالغۇز بىرلا بالا بولغاچقا ئانام، دادامنىڭ قوينىدا ئەركىلەپ چوڭ بولدۇم. دادام ئوقۇغان مەلۇماتلىق ئادەم ئىدى، ئۇ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ئاناممۇ تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن. ئۇ بىر مېھمان كۈتۈشتە ئىشلەيتتى. مەن غەمسىز چوڭ بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 - يىللىقىغا چىققاندا ھاياتىمدىكى ئەڭ ئېغىر، پاجىئەلىك ئىش يۈز بەردى. مەن ھاياتنىڭ بۇنداق ئېغىر زەربىسىگە ئۇچرايدىغانلىقىمنى، بۇ ئىشنىڭ يۈرىكىمنى بۇنچىۋالا ئېزىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. مەن «ئانا» دەپ ئاتايدىغان، مەن ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئانىنىڭ بىردىنلا دۇنيادىكى ئەڭ رەزىل، پەسكەش بىر ئايالغا ئايلىنىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانتىم. ئاشۇ رەزىل ئانىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق پەسكەش ئىشنى قىلغانلىقىنى ھازىرغىچە چۈشىنەلمەيمەن. ئۇ بۇنداق ئىشنى قىلغۇچە ئۆلۈپلا كەتكەن بولسىمۇ بۇنچىلىك ئازابلانماستىم. مەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا چىققاندا ئانام — ئاشۇ رەزىل ئايال، شىماللىق بىر شوپۇر بىلەن قېچىپ كەتتى. ئۇ ماڭا ئوخشاش يۈرەك پارىسىنى، دادامدەك ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى، ئىللىق ئۆيىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. ئۇ، ئاشۇ ماي چاپان شوپۇرنىڭ ماشىنىسىغا چىققاندا ھېچ بولمىغاندا ماڭا ئوخشاش گۇناھسىز بىر پاك قەلب ئىگىسىنىڭ يۈرىكىگە مەڭگۈلۈك نەپرەت ئورۇقىنى سېلىپ قويىدىغانلىقىنى، دادامنى بولسا ئاخىرى ئۆلۈمگە ئىتتىرىدىغان ھەسرەت - نادامەت، تۈگىمەس ئازاب - ئوقۇبەتكە قويىدىغانلىقىنى ئويلىمىدى. شۇنچىلىك بولغان بىر ئانىنىڭ بۇنچىلىك تاش يۈرەكلىكىگە ھەيرانمەن. ئۇ چاغدا مەندەك ئون سەككىزلەرگە كىرىپ ئاق - قارىنى پەرق ئېتىپ قالغان بىر يىگىت ئۈچۈن بۇ ئىش بەكمۇ ئەلەم قىلدى. بۇ ئىشنىڭ مەن ئۈچۈن قانچىلىك نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىشىڭلار مۇمكىن. بۇ ئىش بىردەمدىلا بۇ كىچىككىنە شەھەرگە پۈركەتتى. مەن شەھەر سىرتىدىكى دەريا بويىغا بېرىپ ئۇزاق ئولتۇردۇم. ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغانتىم، ئەمما تۇرۇپلا دادام ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئاشۇ ئېغىر بېسىق، مېھرىبان، ھەممە ئادەم بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان، ئەمدىلىكتە بولسا ۋاپاسىز بىر ئايال تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە تاشلىۋېتىلگەن بىچارە ئادەم ئېسىمگە كەلدى. ئۇ نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قېپقالغان بىردىنبىر يېقىن ئادىمى، بىردىنبىر تەسەللىيسى بولغان مەنمۇ ئۇنى تاشلاپ كەتسەم قانداق بولىدۇ، ئۇ نېمە بولۇپ كېتەر؟ . . . مەن شۇلارنى ئويلىدىم، يەنە ھېلىقى رەزىل ئانامنى ئويلىدىم. مەن يېرىم كېچە بولغاندا ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆيگە كەلدىم، يۈرىكىم قانداقتۇر بىر چۈشىنىكسىز غەزەپ - نەپرەت، ئاچچىق بىلەن ياناتتى.

ئۆيگە كەلسەم دادام مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپتۇ، مەن ئۇنىڭ ئۆمرىدە بىر تال تاماكا چېكىپ باقانلىقىنى بىلمەيتتىم. بىراق شۇ كۈنى ئۆي تاماكا ئىسى بىلەن لىق تولۇپتۇ، ئۇنىڭ ئاياغلىرىدا ئون نەچچە تال تاماكا كۆتىكى تۇراتتى، دادامنىڭ كۆزلىرى

بىر نۇقتىغا قاراپ قېتىپ قالغاندەك ئىدى. مەن ئىشىك تۈۋىدە خېلى ئۇزاق تۇردۇم، دادام قولىدىكى تاماكا كۆيۈپ قولىنى كۆيدۈرگەندە ئاندىن ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ، مەن تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن، كۆزلىرىدە بولسا ئىنتايىن چوڭقۇر بىر ئېچىنىش، نەپرەت ئارىلىشىپ كەتكەن ئىلاجسىزلىقتەك بىر ئىچكى تۈيغۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى، ئىككى تامچە ياش مەڭزىمگە سىرغىپ چۈشتى، دادام ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى. ئۇ كۈلۈمسىرىمەكچى بولاتتىيۇ، بۇ كۈلۈمسىرىشى يىغىغا ئوخشاپ قالاتتى. ئۇ ئاستا كېلىپ يۇمشاق ئالقانلىرى بىلەن يېشىمنى سۈرتتى. مەن ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ سوس تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئۇ ماڭا مېنى زادى كۆرۈپ باقمىغاندەك ۋە ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغاندەك بىر خىل نەزەردە تىكىلدى. مەن نېمە قىلىشىمنى ۋە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيتتىم. دادام خۇددى قوماندان جەڭگە كېتىۋاتقان جەڭچىنى ئۇزاتقاندەك ئىككى مۈرەمدىن تۇتتى، ئۇنىڭ كۈچلۈك قوللىرى يەنىلا تىترەيتتى. مەن پۈتۈن ھەسرىتىمنى، پۈتۈن ئەلەمىمنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك بىردىنلا ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتىم. كۆزلىرىمدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ياشلار دادامنىڭ كۆكرىكىنى ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ ئاشۇ تىترەڭگۈ قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— يىغلىما ئوغلۇم، ئاناڭ سېنىڭ ئالدىڭدا كەچۈرگۈسىز بىر ئىش قىلىپ قويدى. ئۇ يىغلاشقا ئەرزىمەيدۇ. ئۇ سېنىڭ ئاناڭ ئەمەس بالام، — دېدى. ئۇ ماڭا تەسەللى بەردى، بىراق ئۇنىڭغا كىم تەسەللى بېرىدۇ؟ مەن ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ، — ئۇ مېنىڭ ئانام ئەمەس! ئۇ مېنىڭ ئانام ئەمەس! ئۇ بىر ھايۋان، مەن ئۇنى مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! — دېدىم يىغلاپ تۇرۇپ.

— ياق بالام، سېنىڭ ئاناڭ ئۆلۈپ بولدى. ئۇنداق ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ. سەن ئۇنداق ئادەملەرنى ئۆلتۈرسەڭ مېنىڭمۇ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق پەرقىڭ قالمايدۇ، — دېدى، دادام.

مەن شۇ كېچىسى كىرپىك قاقماي چىقتىم، نۇرغۇن خىياللارنى سۈردۈم، نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدىم. ئەتىسى مەكتەپكە باردىم، مەن «ساۋاقداشلىرىم ئەمدى ماڭا باشقىچە قاراپ مەندىن قاچىدۇ» — دەپ ئويلىغانتىم، بىراق ئۇلار ئاۋۋالقىدەكلا ئىدى. لېكىن ماڭا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىچ ئاغرىتىش، ئېچىنىشتەك بىر نەرسە چىقىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. كوچىلاردا مېنى تونۇيدىغان كىشىلەر ۋە دادامنىڭ دوستلىرىمۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك قارايتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئاشۇ نىجىس ئانام سەۋەبلىك ماڭا ئىچ ئاغرىتىدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆچ بولۇپ كەتتىم. مەكتەپتە ساۋاقداشلىرىمغا ئانچە ئارىلاشمايدىغان، تالا - تۈزگىمۇ چىقمايدىغان بولۇۋالدىم. دەم ئېلىش كۈنلىرى مەن ئۆلۈۋالماقچى بولغان ئاشۇ دەريا بويىغا كېلىپ ئۇزاق - ئۇزاق خىيال سۈرەتتىم. كېيىن بۇنداق خىياللاردىنمۇ ۋاز كېچىپ، دادامنىڭ كىتاب جاھازىسىدىكى كىتابلارنى بىر باشتىن ئوقۇشقا باشلىدىم. دادامنىڭ كىتابلىرى بەك كۆپ ئىدى. ھەتتا 50 - يىللاردا چەت ئەللەردە نەشىر قىلىنغان رومانلارمۇ بار ئىدى. دادام بۇ كىتابلارنى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگەن ئىش بولغاندا كۆمۈرنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ ساقلاپتىكەن. شۇنداق قىلىپ كىتابلار ماڭا دۇنيادىكى نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەندۈردى. نۇرغۇن ئىشلارنى بىلدۈردى. شۇنداقتىمۇ تا بۈگۈنگىچە ئانامنىڭ ئاشۇ قىلمىشىنى كاللامدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم. ئۇ كۈنلەردە داداممۇ ئىنتايىن جىمغۇر بولۇپ قالدى. ئۇ خىزمەتنى ئىلگىرىكىدىنمۇ بېرىلىپ ئىشلەيدىغان، تاماكىنى ئۈزمەي چېكىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ تۈگۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي، مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىنى خۇشال كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى بىر يولىلا ئاقىرىپ كەتكەنتى. دادام ماڭا ھەم

ئانا ھەم دادا بولدى. ئۇ مېنى دائىم ياخشى ئوقۇشقا، ئوبدان ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇراتتى. بىز ھېلىقى مېنىڭ «ئانام» بولۇپ قالغان ئايالنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدۇق.

بىر يىل ئۆتۈپ مەن تاسادىپىي ھالدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتتۈم. ئەتە مەكتەپكە ماڭىمەن دېگەن كۈنى كېچىسى دادام يەنە بىر كېچە ئۇخلىماي تاماكا چېكىپ چىقتى. ئەتىسى دادام مېنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن بېكەتكە چىققاندا ماشىنىنىڭ ئىشىكىگە چىقىپ ئۇنىڭغا قارىدىم. دادام ئورۇقلاپ كىچىككىنە قاپتۇ، ئۇنىڭ بەستلىك قەددى پۈكۈلۈپتۇ، ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. مەن مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقان ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئادەملەر ئارىسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ دادامنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. بۇ قېتىم داداممۇ ماڭا قوشۇلۇپ يىغلىدى. مېنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى. بەلكىم دادام پۈتۈن دەردۇئەلەمى ۋە ھەسرىتىنى شۇ كۆز ياشلىرى بىلەن ماڭا تۆككەندۇ. شۇنداق قىلىپ دادامنى ئاشۇ يىراقتىكى كىچىك شەھەردە تەنھا قالدۇرۇپ بۇ يەرگە كەلدىم. ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشى، بۇ يەردىكى ھايات مېنىڭ شەخسىي ھاياتىمغا مەلۇم ئۆزگىرىش كىرگۈزدى. بۇ چوڭ شەھەر، نەچچە مىڭ بالا ئوقۇيدىغان بۇ مەكتەپتە مېنىڭ ئاشۇ ئۆتمۈشۈمنى، ئاشۇ رەزىل ئانامنى بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوقتى. مېنىڭ ئاشۇنداق بىر پەسكەش ئانام بولۇپ ئۆتكەنلىكىمنى، قىسقىسى، مېنىڭ ھاياتىمدىكى، يۈرىكىمدىكى ئازابلىق داغنى، ئازابلىق يارىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن سىلەرگە ئوخشاش دوستلىرىم ماڭا ھاياتتا باشقىچرەك ياشىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردۈڭلار. يۇرتۇمدا دادام بىردىنبىر ھەمراھىم بولغان بولسا، بۇ يەردە سىلەر ماڭا غەمگۇزار بولدۇڭلار. شۇڭا مەن بەزى چاغلاردا سىلەر ئاتا-ئاناڭلار، ئۆيۈڭلار توغرىسىدا سۆزلەشسەڭلار، مەن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم، بولۇپمۇ دەسلەپكى يىللىرى كۆپىنچە شۇنداق بولدى. مەن «ئانا» دېگەن سۆزنى ئېغىزغا ئېلىشنى، ھەم بۇ سۆزنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايتتىم. بۇنداق ۋاقىتلاردا بىرەر پىنھانغا بېرىپ ئانچە-مۇنچە يىغلىۋالاتتىم. بۇنداق ئىش ئىككى يىلچە داۋاملاشتى. مەن تۇنجى قېتىم تەتىل قىلىپ ئۆيگە بارغاندا ئالدىمغا چىققان دادامنى تونىيالمايلا قالدىم. ئۇ بەكمۇ قېرىپ كەتكەندەك، ئاجىزلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. يالغۇزچىلىقتا دادام ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. بىراق مەن ئۇنىڭغا نېمە دېيەلەيمەن. بەلكىم ئاشۇ ئۇنتۇلماس پەسكەشلىك دادامنىڭ يۈرىكىنى غاجىلىغاندۇ. مەندىن ئايرىلىش، مېنى سېغىنىش ئۇنى مۇڭلاندۇرغاندۇ، تەنھالىق، ئازاب ئۇنى ئەزگەندۇ، دادام شىكەستىلەنگەن قەلبىنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئىچكەندۇ... ئەمما ئۇ ماڭا ۋاقتى - ۋاقتىدا خەت يېزىپ كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ۋاقتى - ۋاقتىدا پۇل ئەۋەتىپ مېنى خاتىرجەم قىلاتتى. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا تەتىلگە بارغاندا، دادام خېلى ئوبدان قالغانتى. ئەمما مەن مەكتەپكە كېلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن دادامنىڭ ئىدارىسىدىن مېنى چاقىرىپ تېلېگىرامما كەپتۇ، يۇرتقا بارسام دادام دوختۇرخانىدا ئىكەن. ئۇنى ماشىنا سوقۇۋېتىپتۇ، ئۇ مەست ئىكەن، مەستلىكتە ماڭا خەت سالغىلى پوچتىخانىغا كېتىۋاتقاندا ماشىنا سوقۇۋېتىپتۇ. مەن بېرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن دادام جان ئۈزدى. ئۇ سەكراتتا يېتىپ ماڭا: — بالام يالغۇز قالىدىغان بولدۇڭ، چىدامىلىق بول، مەن ئۈچۈن ھەسرەت چەكمە، ھەسرەت ئادەمنى يەپ كېتىدىكەن، ئوقۇشنى بىر ئامال قىلىپ تۈگەتكىن، تۇرمۇشۇڭنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرغىن، ھەر قانچە جاپا چەكسەڭمۇ چىدا، ئەمما ئاشۇ ۋاپاسىز ئاناڭنى ئىزدىمە، مېنى دەل شۇ ئۆلتۈردى — دېدى. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان بارلىق ۋەسىيىتى شۇ بولدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردىمۇ يەنىلا ئاشۇ «ئانام» نى تىلغا ئالدى.

ھەسرەتلىك ياشلىرىمنى تۆكۈپ تۇرۇپ دادامنى يەرلىكىدە قويدۇم. ئۇنىڭ بىر تال ئورۇق - تۇغقىنىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا دادامنىڭ ئىدارىسىدىكىلەر ئۇنى يەرلىككە

قويۇش ئىشلىرىمغا ياردەملەشتى. مەن
كېيىنكى يىللاردا بىز ئۇچۇن كۆڭۈلسىز
بولۇپ قېلىۋاتقان ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكىنى
تاقاپ، دادامنىڭ قەبرىسى بىلەن ئۇنىسىز
خوشلىشىپ، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يەنە
مەكتەپكە كەلدىم. ئەمدى بۇ دۇنيادا مېنىڭ
ھېچ نەرسەم قالمىغانتى. ئويلاپ بېقىڭلار،
ئەمدى مەن يەنە خىرامان يۈرەلەمدىمەن.
مەن بىر كىتابتىن مۇنداق گەپلەرنى ئوقۇغان
«دۇنيادا ھەسرەت چېكىپ يىغلاۋاتقانلارنىڭ
كۆزلىرىدىن ئاققان ياشنى سۈرتۈپ
قويىدىغان ئادەم بولمىسا، شىكەستلەنگەن
يۈرەكلەرنى ئىللىق قوللار بىلەن بوش
سىلاپ، ئۇنىڭدىكى جاراھەتلەرگە شىپالىق
بېرىدىغان ئىنسان چىقمىسا، ئۇ ئادەملەرنىڭ
ھالى نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق ـ ھە؟» مەن
ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرسىگە ئايلىنىپ
قالغانتىم. مانا مەن دۇنيادا ھېچنېمىسى
يوق قارا يېتىممەن. دادامنى يەرلىكىدە
قويۇپ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن بىر خىل
غېرىبلىق، مۇڭ، دادامغا بولغان ئىچ
ئاغرىقى، ئېچىنىش، يېگانىلىق مېنى
قىيىندى، ئازابلىدى. «مەمەت ئاۋاق»
رومانىدىكى مەمەتنىڭ ئانىسى، مەمەت
ئاۋاقنى ژاندارمىلار تۇتۇپ كەتكەندە مۇنداق
دەپ يىغلايدۇ: «ئادەم دېگەن توپا ـ تۇپراق
ئەمەسكەن، بولمىسا ئېقىپ كېتەرىدىم .
ئادەم دېگەن لاتا، ئەخلەت ـ چاۋا ئەمەسكەن،
بولمىسا كۆيۈپ كېتەتتىم، شۇڭا چىدىدىم،
چىدىدىم! . . . .» مەنمۇ چىدىدىم، كۆرۈپ
تۇرۇپسىلەر، رەھىمسىز تەقدىر مېنى ئانىي
تاپتى. مېنىڭ دۇنياغا يالغۇز تۆرەلگىنىم-
نىڭ ئۈستىگە ماڭا ئانا بولغۇچىنى
ئازدۇردى. ئۇنى دادام بىلەن ئىككىمىزدىن
تارتىۋالدى. ئەمدى يەنە بۇنى ئاز دەپ
دۇنيادا بىردىنبىر غەمگۇزارىم بولغان
دادامنىمۇ ئېلىپ كەتتى. چەكسىز غەم ـ
قايغۇ، ھەسرەتلەر مېنى تىنىمسىز
ئازابلايتتى. مۇشۇنچە ئىشلار بولۇپ ئۆتكەن
تۇرسا، مەن يەنە قانداقتۇر ئۇلۇغ غايە،
پارلاق كەلگۈسى ئۈستىدەباش قاتۇرالايمەن؟!
مەن ئۇلارنى ئويلاپ نېمە قىلىمەن،
شۇنداق، مېنىڭ ئۆتمۈشۈم تازا كۆڭۈلدىكى-
دەك چىقمىدى. ئەمدى كەلگۈسۈمنىڭمۇ
ئۇنچە كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتىشىنى
خالىيالمايمەن. شۇڭا مەن بۇ ھاياتتىن
زېرىكتىم. ئەمما مەن ھېلىقى بىر قېتىمدىن
باشقا ئىككىنچىلەپ ئۆلۈۋېلىشنى ئويلاپ
باقمىدىم، ھاياتتىن زېرىكسىلا ئۆلۈۋالىدى-
غانلار ئەخمەق. ئادەم بىر خىل ھاياتتىن
زېرىكسە يەنە بىر خىل ھاياتنى ئىزدەپ
تېپىپ ياشاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ
نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنتۇشۇم كېرەك.
ھاياتىمدىكى ئاشۇ پەس «ئانا» نىڭ مېنى
تاشلاپ كېتىشى بىلەن دادامنىڭ شۇ ئىش
تۈپەيلى ئازاب چېكىپ چۈشكۈنلىشىپ ئۆلۈپ
كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇيالايمەنمۇ؟! . . .
تەقدىرگە بولغان نارازىلىق مەندىن شۇ
تەقدىرنىمۇ ئۇنتۇشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى.
قانداق قىلىمەن؟ كىمگە دەرد ئېيتىمەن؟
نېمىگە ئۈمىد باغلايمەن؟ . . . توغرا سىلەر
بار، سىلەر ماڭا دوست، مەن دوستلۇقنىڭ
تولىمۇ ئۇلۇغ بىر خىل كىشىلىك
مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن.
مۇشۇنى ئېتىراپ قىلغانلىقىم ئۈچۈن سىلەر
ماڭا بۇ ھاياتتا يەنىلا ياشاشتىن ئىبارەت ئۇز
مەسئۇلىيىتىمگە يۈزلەنمىسەم
بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردۇڭلار.
بىراق مەن قانداق ياشايمەن. مەن «تىرد-
لىش» رومانىدىن مۇنداق گەپلەرنى ئوقۇغان
«دۇنيادا ھەممە كىشى ئۆزى ئۈچۈن،
ئۆزىنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتى ئۈچۈن ياشايدۇ.
خۇدا ھەققىدىكى، ياخشىلىق ھەققىدىكى
گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئالدامچىلىق.
ناۋادا بىر چاغلاردا پانىي ئالەمدىكى ئىشلار
نېمىشقا بۇنداق يامان. نېمىشقا ئادەملەر
ھەدەپ بىر ـ بىرىگە يامانلىق قىلىشىدۇ،
نېمىشقا ھەممە ئادەم ئازابلىنىدۇ. دېگەندەك
سوئاللار تۇغۇلۇپ قالسا، ياخشىسى ئۇ
توغرۇلۇق ئويلىماسلىق كېرەك. زېرىكسەڭ
تاماكا چەك، هاراق ئىچ. ئەڭ ياخشىسى
بىرەرنى تېپىپ مۇھەببەت ھەققىدە
پاراڭلاشقىن. شۇنداق قىلساڭ ھەممىسى
ئۇنتۇلىدۇ» دېمەك مەن ھەممىسىنى ئۇنتۇش
ئۈچۈن بۇگەپنىڭ ئالدىنقى ئىككىسىنى
«تاماكا چەك» بىلەن «هاراق ئىچ» نى
تاللىدىم. كېيىنكىسىنى تاللىشىم مۇمكىن
ئەمەس، چۈنكى مەن مۇھەببەت ھەققىدە

پاراڭلىشىدىغان ئادەم ھامان ئاشۇ «ئانام» غا ئوخشاش ئايال جىنسلىق بولىدۇ. ئايال كىشىنىڭ ماھىيىتى بولسا يەنىلا شۇ «ئانام» نىڭكىدەك — ۋاپاسىزلىقتىن، نومۇسسىزلىقتىن ئىبارەت. شۇنداق ئىكەن ھېچكىم مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك جانان بولالمايدۇ.

خاپا بولماڭلار، كۆڭلۈمدىكىنى دەۋىرەي، بىز مەكتەپتە ئاران تۆت - بەش يىللىق دوست بولىمىز. بۇ ۋاقىت خۇددى چۈشتەك بىر دەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىلەمسىلەر، ئادەم چۈشتىن ئويغانغاندا خۇددى ئالدانغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئىچىمدىكى بۇنچە دەرد - ھەسرەتلەرنى ھېچكىمگە، ھەتتا بۇگۈنگىچە سىلەرگىمۇ ئېيتمىدىم، سىلەرنى ئازابلىرىمغا شېرىك قىلغۇم كەلمىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئازاب دېگەن، ئازابلانغۇچىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولىدۇ. ئۇنى تاماقنى بۆلۈشكەندەك بۆلۈشۈۋالغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ سىقىلىشلاردىن، بۇ روھىي بۇرۇقتۇملۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھاراققا مۇراجىئەت قىلدىم. ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىۋالدىم، بۇ بەلكىم ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىكتۇر. بىر ھېسابتا ئازابلىنىپ ئۆتكەندىن، ھاماقەتلەرچە خۇشال ئۆتكەنمۇ ياخشى، مەن ھاراقنى ئاقلىماقچى ئەمەسمەن، گەرچە ھاراق ماڭا ھېچنېمىنى ئۇنتۇلدۇرالمايلا قالماستىن بەلكى، ئازابلىرىمنى ھەسسىلەپ كۆپەيتكەن بولسىمۇ،



بىراق مەن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەستلىك بىلەن خۇدۇمنى بىلمەي، بەزى نەرسىلەرنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۇنتۇيمەن، ئەمما بولمايدۇ دېگەندىمۇ، كېچىلىرى ئوبدان ئۇخلىيالايمەن. باشتا دېگىنىمدەك بۇ بەلكىم ھاراق ئىچىشكە نىسبەتەن ئۆزۈمنى ئاقلايدىغان سەۋەب بولالماس. ئەمىسە نېمىشقا ئوقۇپ يۈرۈيسەن دەمسىلەر؟ ئالىي مەكتەپ دېگەندە بىر ئامال قىلىپ دىپلوم ئېلىپ، تۆت تەڭگىلىك خىزمەت ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. كۆڭلىگە ئۇلۇغ غايىلەر پۈكۈلگەن، ئىلىمگە ئۆزىنى ھەقىقىي بېغىشلىغان، قىسقىسى، ئەھمىيەتلىكرەك بىرەر مەقسەتنى كۆزلىگەن، كۆزلىيەلىگەن ئادەم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا لايىق. بىراق مېنى ئالدىنقىلار قاتارىغا قوشۇۋېتىڭلار، چۈنكى مېنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرىم، كەلگۈسى توغرىسىدىكى تاتلىق تەسەۋۋۇرلىرىمنىڭ ھەممىسى دادام ۋە ھېلىقى «ئانام» بىلەن تەڭلا يوقالغان. ئەمدى كېلىپ ئۆلمىگەندىن كېيىن ياشاش كېرەك، ياشىغاندىكىن بۇ ھاياتلىق ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە ماددىي كاپالەت بولمىسا بولمايدۇ، يەنە كىچىككىنە ئىجتىمائىي ئورۇن بولمىسىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا مەن شۇنچىلىك ئوقۇيمەن. شۇنى دەپ قوياي، مەن تېخى كاللامدىن تەلتۆكۈس كەتمىدىم.

ھە راست، ھېلىقى مەن كېپىنى قىلىدىغان ئوقۇتقۇچى قىز ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭدىن ماڭا زادى خەت كېلىپ باقمايدىغانلىقى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. مەن سىلەرگە يالغان ئېيتقان. رەنجىمەڭلا-ر، يالغان ئېيتىش ئەڭ سەت ئىش بولسىمۇ، بىراق يالغان ئېيتىش ئارقىلىقمۇ باشقىلارغا بولغان يېقىنچىلىقنى ئىپادىلىگىلى بولىدىكەن. . . شۇنداق دوستلىرىم، مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىم ئاران مۇشۇنچىلىك، كەلگۈسى بولسا تېخى ئۆزۈن.

خالمۇرات ھېكايىسىنى تۈگەتكەندە، ياتاقنىڭ چىرىغى ئاللىقاچان ئۆچكەن بولۇپ، قەزىر بىلەن مەمۇر قېتىپ قالغاندەكلا ئولتۇراتتى. ئەمدى شېشىنىڭ تېگىدە ئېشىپ قالغان كىچىككىنە ھاراقنى ھېچكىمنىڭ ئىچكۈسى كەلمىدى. قەزىر

تىمسقلاپ يۈرۈپ كارىۋات ئاستىدىن كىچىككىنە شام تېپىپ ياقتى. ئۇلار يەنە بىرھازا جىم بولۇپ قېلىشتى. مەمۇر بىلەن قەزىر دوستىغا نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى. خالمۇرات ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى ۋە كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى. كارىدورنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن بىرسىنىڭ گىتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان ناخشىسى بوش ئاڭلىناتتى.

× ×

دەم ئېلىش ۋاقتىدا نەسىردىن سىنىپقا بىر ژۇرنالنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ مۇنبەر بىلەن ئۈستەللەر ئارىسىدىكى بوش ئورۇندا توختاپ، قولىدىكى ژۇرنالنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ساۋاقداشلارنى دىققەتكە چاقىردى.

— ساۋاقداشلار خۇش خەۋەر!

جىم ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقانلار بېشىنى كۆتۈردى، پاراڭ سېلىشىۋاتقانلار توختاپ نەسىردىنگە قارىدى.

— خۇش خەۋەر! سىنىپىمىزنىڭ ئاتاقلىق لىرىك شائىرى مەمۇر ھېسامىددىننىڭ «سېنى ھېچكىم سۆيەلمەيدۇ مېنىڭدەك» ماۋزۇلۇق لىرىك شېئىرى مانا بۇ ژۇرنالغا بېسىلىپتۇ، خاتىرىسىگە كۆچۈرۈۋالدىغانلارغا بۇ ژۇرنال ئارىيەتكە بېرىپ تۇرۇلىدۇ — دېدى، يۇقىرى ئاۋازدا ژۇرنالنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ.

بىر نەچچەيلەن «ئەكەل مەن كۆرۈپ باقاي» دېيىشىپ يۈپۈرۈلۈپ كېلىشتى. ئالدىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان راھىلە تېز ئورنىدىن تۇرۇپ نەسىردىننىڭ قولىدىكى ژۇرنالنى كاپلا قىلىپ تارتىۋالدى. باشقىلار ئۇنىڭ مۈرىسى ئۈستىدىن ئېگىشىپ ژۇرنالغا قاراشتى. دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىندى، ژۇرنالغا يېپىشىۋالغانلار بىر - بىرلەپ جايلىرىغا تارقاشتى.

مۇنبەردە ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلىمەكتە، راھىلە تارتمىسىدىن ژۇرنالنى ئاستا چىقىرىپ ئاچتى. ئەڭ ئاخىرقى بەتتە «سېنى ھېچكىم سۆيەلمەيدۇ مېنىڭدەك» دېگەن چوڭراق ماۋزۇ ئاستىدا «مەمۇر ھېسامىددىن» دېگەن ئىسىم تۇراتتى. راھىلەنىڭ يۈرىكى نامەلۇم بىر شادلىق، سۆيۈنۈش بىلەن تولدى. ئۇ ئاستا كەينىگە قايرىلىپ مەمنۇنىيەت ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن مەمۇر ئولتۇرغان ئۈستەلگە قارىدى. ئۈستەلدە قەزىر پۈتۈن دىققىتى بىلەن دەرس ئاڭلاپ خاتىرە يېزىۋاتاتتى. راھىلەنىڭ تەشنا كۆزلىرى مەمۇرنى كۆرەلمىگەنلىكتىن بايامقى خۇشاللىقىنىڭ ئورنىنى شۇئان مەيۈسلۈك ئىگىلىدى. شۇ ئەسنادا سىنىپنىڭ ئىشىكى چېكىلدى. دەرس سۆزلەۋاتقان ئوقۇتقۇچى سۆزىنى توختىتىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە سىرتقا چىقىپ بىرسى بىلەن بىر نېمىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن سىنىپ ئىچىگە قاراپ قەزىرنى چاقىردى. بۇنداق ئىشىك چېكىپ ئادەم چاقىرىشلار پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا باشقىلار ئانچە ھەيران بولۇپ كەتمىدى.

قەزىر ئىشىك تۈۋىگە چىققاندا مەمۇر قورسىقىنى تۇتقىنىچە تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى.

— نېمە بولدۇڭ مەمۇر؟

قەزىر دوستىنى ئاستا يۆلىدى، مەمۇرنىڭ ساقاللىق يۈزى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەنتى، پېشانىسىدىن شورقىراپ تەر قۇيۇلۇۋاتاتتى.

— تويۇقسىز ... تويۇقسىز ... قورسىقىم ئاغرىپ... ئاغرىپ كەتتى...

قەزىر مەمۇرنى يۈدۈپ دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن كىرىۋاتقاندا مەمۇر قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى. ۋاي ... ۋايجان مېنى يەرگە قويۇپ قوي قەزىر ... مېنى قوي قەزىر ... دوختۇرخانا ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئايلانما گۈللۈكنىڭ گىرۋىكىدىكى تاش ئورۇندۇققا كەلگەندە قەزىر مەمۇرنى ئاستا مۈرىسىدىن چۈشەردى. مەمۇر كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ قوللىرى بىلەن قورسىقىنى چىڭ باسقىنىچە ۋايسايتتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن يەنىلا بۈژ - بۈژ تەر چاپچىپ تۇراتتى. قەزىر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولاتتى. مەمۇرنىڭ تەرلىرىنى سۈرتۈپ، چاچلىرىنى سىلايتتى. يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا تىرىشاتتى. — بىردەم چىدا مەمۇر، مانا ھازىرلا ئوڭشىلىپ كېتىسەن، چىدا ئاداش...

مەمۇر تاش ئورۇندۇقتا ئېغىنايتتى. ئىڭراپ لەۋلىرىنى چىشلەيتتى. ئۇنىڭ چىڭ يۇمۇۋالغان كۆزلىرىدىن ياش ئاقاتتى. قەزىرنىڭ پېشانىسىدىنمۇ تەر چىقىپ كەتتى، دوستىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىچى سىيرىلاتتى. ئۇ مەمۇرنىڭ تولغىنىپ، چىدىيالماي قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ يىغلاپ تاشلىدى. قەزىر ئوڭ قولىنى مەمۇرنىڭ بويىندىن ئۆتكۈزۈپ، سول قولى بىلەن ئىككى يوتىسىدىن ئېلىپ، تۆتىنچى قەۋەتتىكى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە چىققاندا، ئۇنىڭ ئاپئاق كۆڭلىكى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەنتى. چاچلىرى ئارىسىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئاچچىق تەر كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ، مەمۇرنىڭ قورسىقىنى چىڭ تۇتۇۋالغان قوللىرى ئۈستىگە تامچىلايتتى.

قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى ئورۇق، ئېگىز دوختۇر مەمۇرنى پالاز سېلىنغان كارىۋاتقا ئوڭدا ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى مۇجۇشقا باشلىدى. دوختۇر ئۇنىڭ سول پۇتىنى يىغىپ قورسىقى ئۈستىگە باستى. مەمۇر قاتتىق ئىڭراپ كەتتى. قەزىر جايىدىن بىر قەدەم ئالدىغا سىلجىپ دوختۇرنىڭ بىلىكىنى تۇتتى، ئۇ دوستىنىڭ نالىسىگە چىدىيالمايۋاتاتتى.

— نېمە بوپتۇ دوختۇر؟

دوختۇر قەزىرنىڭ ئۆز بىلىكىنى تۇتۇۋالغان قوللىرىغا قاراپ قويدى ۋە دېرىزە يېنىدىكى ئۈستەلدىن بىر دەپتەرنى ئېلىپ قەزىرگە قاراپ:

— سوقۇر ئۈچەيكەن، دەرھال ئوپېراتسىيە قىلمىساق بولمايدۇ، سىلەر قايسى فاكولتېتنىڭ ئوقۇغۇچىسى؟

— ئەدەبىيات فاكولتېتىنىڭ.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟

— مەمۇر.

— پەمىلىسىچۇ؟

— ھېسامىدىن.

— يېشى.

— يىگىرمە تۆت.

— ھە! مايەرگە قول قويۇڭ، سىز ئۇنىڭ ساۋاقدىشىمۇ؟

دوختۇر قەزىرگە تۆمۈر تاختىغا بېكىتىلگەن دەپتەرنى تەڭلىدى — مايەرگە قول قويۇڭ، — قەزىر دوختۇرنىڭ قولىدىكى دەپتەرنى ئېلىپ ئاۋۋال مەمۇرغا، ئاندىن دوختۇرنىڭ ئاپئاق ماسكا ئۈستىدىن ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە تەڭقىسلىق نەزىرى بىلەن قارىدى. — ۋايجان ... مەمۇر ئېچىنىشلىق ئىڭرايتتى. قەزىر تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن دوختۇر كۆرسەتكەن جايغا ئىسمىنى يازدى. ئىككى سېستىرا تۆت چاقلىق كېسەل ھارۋىسىنى ئېلىپ كىرىپ، دوختۇر بىلەن بىرلىكتە بىمارنى ھارۋا ئۈستىگە ئالدى. ھارۋا ئۇزۇن كارىدوردا كېتىۋاتقاندا قەزىر، مەمۇرنىڭ پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ، چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈزەپ قويدى. مەمۇر كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپ ھارۋىغا ياندىشىپ كېتىۋاتقان قەزىرگە قارىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىردەمقىنە ئۇچراشتى.

ئوپېراتسىيە قىلىش ئۆيىنىڭ قوش قاناتلىق ئەينەك ئىشىكى ئاستا ئېچىلدى. قەزىر ئەمدى توختاپ قالمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ قوللىرى ئىشىكتىن كىرىپ كېتىۋاتقان ھارۋىغا سوزۇلۇپ قالدى. ئىشىك ئۇنسىز يېپىلىپ ئۈستىدىكى قىزىل چىراغ ياندى.

يېرىم سائەتتىن بېرى قەزىر كارىدوردا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى. ھېلىدىن - ھېلىغا ئەينەك ئىشىككە قاراپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مارىلايتتى، ئەمما ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قايتىپ كېلەتتى. قوللىرىنى ئۇۋلاپ تۇرۇپ پىچىرلايتتى — نېمە بولغانسەن مەمۇر، بەك قىينىلىپ كېتىۋاتامدىغانسەن دوستۇم، ئەستا تېزراق ...

شۇ ئەسنادا ئۇلارنىڭ سىنىپ مەسئۇلى ئابدۇقادىر مۇئەللىم، خالمۇرات، راھىلە، نەسىرىدىن قاتارلىق ... سىنىپتىكى قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى دوختۇرخانا كارىدورىدا پەيدا بولدى. راھىلە يۈگۈرۈپ كېلىپ قەزىرنىڭ قولىغا ئېسىلدى ۋە — مەمۇرغا نېمە بوپتۇ؟ ... مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلارمۇ بىر ئېغىزدىن چۇرقىرىشىپ — مەمۇرغا نېمە بوپتۇ،

www.uyghurkitap.com



ئېغىرمىكەن؟ . . . دېيىشتى. قەزىر ساۋاقداشلىرى ئارىسىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ ئابدۇقادىر مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا كەلدى.

مۇئەللىم، مەمۇر ئۇ، ئۇ سوقۇر ئۈچەي بولۇپ قاپتۇ، — دېدى. ساۋاقداشلار يەنە چۇرقىراشتى، نېمىشقا سوقۇر ئۈچەي بولۇپ قالغاندۇ؟ شۇ مەكتەپنىڭ تاماقلىرىزە . . .

— شۇنداق مەنمۇ ھېلىراقتا مەمۇرنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم، ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— ئوپېراتسىيىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى.

ئابدۇقادىر مۇئەللىم ساۋاقداشلارغا قاراپ دېدى: — ئەنسىرىمەڭلار، مەمۇر ساقىيىپ كېتىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭلار! ساۋاقداشلار تىنچلاندى. راھىلە قېشىدىكى دوستىنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتقىنىچە تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلايتتى، قولىدا بولسا ھېلىقى ژۇرنال چىڭ سىقىمداغلىق ئىدى.

قەزىر مەمۇرنىڭ كارىۋىتى يېنىغا قويۇلغان كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. مەمۇرنىڭ ساقاللىرى ئۆسكەن، چاچلىرى كىرلاشقان، چۈۋۇق، ئۇنىڭ كەڭ يۈزى تاتىراڭغۇ كۆرۈنەتتى. قەزىر ئوقۇپ بېرىۋاتقان كىتابتىكى مەزمۇنلار ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرىقى بىلەن ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا كىتاب ئوقۇۋاتقان قەزىرگە قارىدى. قەزىرنىڭمۇ زىنناقلىرىدا ئۈنگەن ساقاللىرى خېلى ئۆسكەن، ئورۇق، ئۇزۇنچاق، قارامتۇل يۈزى سەل جۈدىگەن، كۆزلىرى ھارغىن ئىدى. قارىغاندا ئۇمۇ دوستى بىلەن تەڭ كېسەل تارتقاندەك ئىدى. قەزىر نەچچە كۈندىن بېرى تۆت سائەت دەرستىن كېيىن كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك مەمۇرنىڭ قېشىدىن مىدىرلىماي ئۇنىڭغا قاراۋاتاتتى.

ئەتىگەن قەزىر دەرسكە چىقىپ كەتكەندە راھىلە كۈلۈمسىرىگىنىچە كىرىپ كەلدى، ئۇ بىر قاچا چۆچۈرە ئېلىپ كىرگەنتى.

— مەمۇر قانداق ئەھۋالىڭىز؟ — ئۇ مەمۇرنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا، قاچىنى كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تومپۇچكا ئۈستىگە قويدى ۋە ئالىقانلىرى بىلەن مەمۇرنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى. قىزىتمىڭىزمۇ يېنىپتۇ، تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايسىز . . .

— ھە ياخشى بولۇپ قالدىم.

راھىلە سۆزلىگەچ ياستۇقنى مەمۇرنىڭ بېلىگە قويدى. ئۇ قاچىدىكى ھور چىقىپ تۇرغان چۆچۈرىنى بىرتال - بىرتالدىن مەمۇرغا ئىچكۈزۈشكە باشلىدى، شۇ تاپتا راھىلەنىڭ كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىر ئۇچقۇن چاقنايتتى. چېھرىدە ئىللىق بىر تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى.

— ھېلىقى كۈنى سىزنىڭ شېئىرىڭىز چىققان ژۇرنالنى كۆرۈپ سىزنى تەبرىكلەي دەپ ئىزدىسەم سىز يوق، كېيىن ئۇقسام ئاغرىپ قاپسىز، سىزدىن بەك ئەنسىرىدىم.

راھىلە شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنى قەستەن ئاغزىغا ئالمىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تومۇزدىكى سالقىن شامالدەك يۇمشاق ۋە يېقىملىق ئىدى.

مەمۇر دەم قىزىراتتى، دەم ئاقىراتتى، راھىلەنىڭ بەزى غەيرىي قاراشلىرىدىن خىجىل بولاتتى. — ھەئە تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالدىم. ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالدى دېسە . . .

— قورۇقماڭ، سىز دېگەن مۇنەۋۋەر ئۆچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى، ئىمتىھانلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېرىسىز . . .

مەمۇر كۈلۈپ قويدى، ئىككى كارىۋاتلىق كېسەلخانىدا مەمۇردىن باشقا كېسەل يوق ئىدى. راھىلە سائىتىگە قاراپ دەرستىن چۈشكىلى بىر سائەت قالغاندا باياتىن قاچا بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ كىرگەن سومكىدىن سېرىق تاشلىق بىر خاتىرىنى ئالدى ۋە يەرگە قاراپ تۇرۇپ مەمۇرغا:

— مەمۇر بۇ خاتىرىنى ئوقۇپ باقسىڭىز . . .

مەمۇر ئادەتتە شېئىر يېزىپ يۈرگەچكە بەزى ساۋاقداشلار ئۆزلىرى يازغان شېئىرلىرىنى مەمۇرغا كۆرسىتەتتى. شۇڭا ئۇ راھىلەنىڭ خاتىرىسىنى شېئىر يېزىلغان

خاتىرە بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئۇنى خۇشاللىق بىلەن ئالدى، ئەمما راھىلەنىڭ ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆرمەي قالدى. راھىلە ئىتتىكلا چىقىپ كەتتى.

مەمۇر ئېرىنچەكلىك بىلەن خاتىرىنى ئاچتى. بۇ راھىلەنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى بولۇپ، خاتىرىنىڭ بىرىنچى بېتىگە «ئېھ! خاتىرە، سەن مېنىڭ بىر نەچچە يىللىق ياشلىق ھاياتىمنىڭ ھەقىقىي ئۆلمەس گۇۋاھچىسى سەن!» دېگەن چىرايلىق ھۆسن خەتنىڭ ئاستىغا «راھىلە ھاپىز» دېگەن ئىسىم يېزىقلىق ئىدى. ئەڭ ئاستىدىكى چېسلادىن قارىغاندا بۇ خاتىرىنى راھىلەنىڭ مەكتەپكە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يېزىشقا باشلىغانلىقى ئىنىق ئىدى.

خاتىرە تېخى توشمىغان. يېرىمىغىچە يېزىلغانىدى. مەمۇر خاتىرىنى تولۇق ئوقۇپ بولغاندا بېشى پىرقىراپ كەتتى. پېشانىسىدىن يەنە بىر قېتىم سوغۇق تەر چىقتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھېلىقى كۈنى ئوپېراتسىيە ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ قەزىرگە قارىغان چاغدىكىدىنمۇ قاتتىق ئاغرىدى، مۇجۇلدى. راھىلەنىڭ خاتىرىسىگە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزىنىڭ مەمۇرنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ھەققىدىكى ئىچكى ھېسسىياتلىرى يېزىلغانىدى.

قەزىر كىتاب ئوقۇشتىن توختاپ مەمۇرغا قارىدى — نېمە بولدۇڭ مەمۇر باشقىچە كۆرۈنىسەنغۇ؟ يەنە ئۆزگىرىپ قالدىڭمۇ يا؟

— ياق ھېچنېمە بولمىدىم. ئۆزۈمنى ناھايىتى ياخشى ھېس قىلىۋاتىمەن. ئىككى دوست بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە ناھايىتى ئۇزاق قاراشتى. قەزىرنىڭ كۆزلىرىدە دوستىغا بولغان سەمىمىيەت، سادىقلىق، ھېسداشلىق، كۆيۈنۈش، ھەقىقىي مۇھەببەت بار ئىدى. مەمۇر بولسا قەزىرگە بىر خىل خىجىللىق، يۈز كېلەلمەسلىك، ئەيمىنىش بىلەن قارايتتى.

— قەزىر راھىلەنى ھازىرمۇ ياخشى كۆرەمسەن؟

— «ھازىرمۇ ياخشى كۆرەمسەن» دېگىنىڭ قانداق گەپ، مەن ئۇنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن. دوستۇم ساڭا پاراڭ سېلىپ بېرەي. بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش مۇھەببەتنىڭ كامالىتى ئەمەس، گەپ ساداقەتتە. مېنىڭچە ئەگەر قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا ياكى ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا توي قىلىش، نەسىل قالدۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن بولمىغان بولسا مۇھەببەت بولماسمىدى؟ ياق بولىدۇ. مۇھەببەت بولىدۇ. مۇھەببەت مەڭگۈلۈك بولۇشى كېرەك. مەن يېسىنىمچە مۇھەببەتنى ياقتۇرمايمەن. ھەقىقىي مۇھەببەت— ئېرىشەلمەسلىكتۇر. ئادەم ئۆزى ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگە ئىنتىلىپ ياشىسا مەنىلىك ياشىيالايدۇ، ئۇنداق ئادەم بارغانچە مۇكەممەللىشىدۇ. بىر كىتابتا: «مۇھەببەت خۇددى كۆكتات ۋە مېۋىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇ پىشىپ تولۇق ۋايىغا يېتىپ قالسا بۇزۇلىدۇ، ئەھمىيىتى قالمايدۇ» دېيىلىپتىكەن. شۇنداق، راھىلە باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئادەمنىڭ قەلبى دوسكا ئەمەس. بىرسىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ يەنە بىرسىنى يازىدىغان. مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئەمما مەن ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرىمەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەندىكى بۇ مۇھەببەت ئاجىزلىشىشى، سۇسلىشىشى مۇمكىن. بىراق مۇھەببەت سۇسلاشسا، ئەكسىچە شىجائەت تېخىمۇ جۇشقۇن بولۇپ كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. شياڭگاڭلىق يازغۇچى دۇڭ چاۋ «مەيلى مۇۋەپپەقىيەت قازان ياكى مەغلۇپ بول، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئالاھىدە ھەم ئىنتايىن تەسىرلىك دەپ قارايدۇ» دېگەن. مەنمۇ شۇنداق قارايمەن، مېنىڭ مۇھەببىتىم سۇسلىمايدۇ، مېنىڭ مۇھەببىتىمگە مەڭگۈلۈك ئەقىدە قوشۇلغان. مەن ئۇنىڭ بۇ مۇھەببەتتىن تەسىرلىنىشىنى كۈتمەيمەن. يىللار، ۋاقىت قۇدرەتلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ مېنىڭ مۇھەببىتىمنى يوقىتىۋېتەلىشىگە ئىشەنمەيمەن. رېئاللىق شۇنداق، رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش كېرەك. شۇنداق دوستۇم، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان كىشى ئۇنى مەنچىلىك سۆيەلىسە ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىسا بولىدۇ.

مەمۇر تورۇسقا قاراپ ياتاتتى. ئۇنىڭ

uyghurkitap.com



چىرايىدىكى بىئارامچىلىقنى كۆرگەن قەزىر گېپىنى توختىتىپ، مەمۇرنىڭ يوتقىنىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى ۋە — جىق سۆزلەپ كېتىپ سىنى بىئارام قىلىپ قويدۇممۇ دوستۇم؟ — دېدى.

— ياق ئولتۇر قەزىر. مېنىڭمۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ باق، مەن ساڭا بەك چوڭ تەسەللى بېرەلمەيمەن. بىراق شۇنى دېيەلەيمەنكى، سەن مۇھەببەتتىكى ئانچىكىم مەغلۇبىيەتلەردىن تۈگىشىپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس. مەن ساڭا ھېسداشلىق قىلىمەن. ئەمما ئاداش، مۇھەببەتتە دوستلار ئارا ياردەم قىلغىلى بولمايدىكەن. مەمۇر بىردىنلا توختاپ قالدى. قەزىر مەمۇرنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، مەمۇرنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى تەلەۋاتقاندەك ئىدى. — قەزىر ئەگەر مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان بىرەر ئىش قىلىپ قويسام مېنى كەچۈرەمسەنمۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، ھەر قانچە ئىش بولۇپ كەتسىمۇ مەن سېنى كەچۈرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئارىمىزدا ھازىرغىچە كەچۈرۈپ، كەچۈرۈلمىدىغان ئىشلار بولغىنى يوق. بۇنداق گەپلەرنى قىلما! قەزىر مۇشتۇمى بىلەن مەمۇرنىڭ ساقاللىق ئېڭىكىنى تۈرتۈپ قويدى.

كېسەلخانىغا خالمۇرات، نەسىردىن قاتارلىقلار كىرىپ كەلدى. نەسىردىن كىرە - كىرمەيلا چاقچاقنى باشلىدى.

— قويماسەن ھوي مەمۇر، بالدۇر تۇغۇپ قويغان ئۈششۇق خوتۇندەك يېتىۋېرەمسەن. ھەممەيلەن كۈلۈشتى. خالمۇرات كارىۋاتنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ مەمۇرنىڭ چېچىنى سىلاۋاتاتتى. مەمۇر ئۇنىڭغا قاراپ:

— قانداق چېمپىيون ئانچە - مۇنچە ئىچىپ تۇردۇڭمۇ؟ ئون يىل كۆرمىگەندەك سېغىنىدىم سېنى، خالمۇرات قىزاردى، ئۇ قەددىنى رۇسلاپ:

— دوستلار، مەن ھاراقنى تاشلاي دەيمەن. راست بۇ قېتىم ماڭا ئىشىنىڭلار. مەن كۆپ ئويلاندىم. نېمە تەسىر قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن، مەن شۇنداق بىر خۇلاسىگە كەلدىمكى: ھايات مەن ئۈچۈن خۇددى بىر كۆڭۈل خۇشى. ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن ياشايمەن، شۇنداق ياشاپ باقاي دەيمەن.

— ياخشى سېنى تەبرىكلەيمىز. — دېدى قەزىر ساۋاقداشلىرىغا چاي قۇيۇۋېتىپ.

— ھە خالمۇرات ئاداش، سېنىڭ ھاراق تاشلىغانلىقىڭنى تەبرىكلەپ كەچتە يەنە بىر ئولتۇرۇش قىلمىدىكەنمىزدە. نەسىردىننىڭ بۇ چاقچىقى ھەممەيلەننى يەنە بىر قېتىم كۈلدۈردى.

× ×

ھەش - پەش دېگۈچە ئىمتىھانلار تۈگەپ ئوقۇشمۇ ئاخىرلاشتى. ئاخشام مەكتەپ بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى ئۇزىتىش زىياپىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۈگۈن چۈشتىن باشلاپ ساۋاقداشلار بىر - بىرلىرى بىلەن خوشلىشىپ ھەممىسى ئۆز يۇرتلىرىغا ھاياتنىڭ مەكتەپتىكىدىن ئۈستۈن، يەنە بىر بالداق يۇقىرى بولغان قايناق تەرەپلەرگە كېتىۋاتاتتى.

كىتابخانىلار ھەيران بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشلىرىنى، ھەر كۈنى كۇتۇپخانىدىن چىقماي كىتاب ئوقۇشلىرىنى، بىرلىپ دەرس ئاڭلاشلىرىنى، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ۋە ئۆز ئارا مۇنازىرىلىرىنى، كۆڭۈللۈك سۆھبەتلەرنى ۋە ھازىرقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چىرايلىق كىيىنىپ ئالىي رېستورانلاردا قىلغان ئولتۇرۇشلىرىنى . . . ۋە يەنە نۇرغۇن -نۇرغۇن، ئاچچىق-تاتلىق كەچۈرمىشلەرنى تولۇق تەسۋىرلەپ كېتەلمىدىم. پەقەت ئۇلارنىڭ ئاددىي تۇرمۇشىنى يۈزەكى ھېسسىياتلىرىنى، ئانچە-مۇنچە ھاياتى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەينەن خاتىرىلەپ قويدۇم. ئەمما ئاشۇ ئالىي مەكتەپمۇ مۇشۇ بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ بىر بۆلىكى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھاياتىمۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ھاياتىغا ئوخشاشلا ئاددىي ھەم جاپالىق، گۈزەل ھەم قىيىن، بەلكىم خېلىلا مۇشكۈل ھايات.

ھەممەيلەن كېتىشمەكتە. ھەممىدىن ئاۋۋال خالمۇرات مەست ھالدا كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ كۆرۈشەلمىسى ناتايىن بولغان دوستلىرى،

ساۋاقداشلىرىغا، بۇنداق قايناق، گۈزەل ھاياتتا بىللە بولالىشى ناتايىن بولغان مەكتەپ تۇرمۇشى ۋە يەنە شۇ دوستلىرىغا چىدىماي ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مەست بولغۇچە ھاراق ئىچىشى ئىدى.

قەزىر، مەمۇر، راھىلەلەر ئالمىلىق باغدىكى تاش ئورۇندۇقتا قاتارلىشىپ ئولتۇراتتى. راھىلەنىڭ كۆك رەڭ نېپىز ئۇزۇن كۆڭلىكى سالقىن شامالدا يېنىك يەلپۈنۈپ مەمۇرنىڭ پۇتلىرىغا يۆگىشەتتى. مەمۇرنىڭ توم يۆگەلگەن تاماكىسىدىن چىقىۋاتقان كۆكۈش ئىس تولغىنىپ يۇقىرى ئۆرلەپ ئالما شاخلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كېتەتتى.

قەزىر مۇشۇ مەكتەپتە قېلىپ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇيدىغان بولدى. ئۇ دوستلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قايتماقچى ئىدى.

مەمۇر راھىلەنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا ھېچنېمە دەپ جاۋاب بەرمىدى. مانا ھازىرمۇ راھىلەنىڭ ئۈمىدلىك كۆزلىرى پات - پات مەمۇرغا تىكىلەتتى. يەنە بىردەمدىن كېيىن بىر - بىرىگە ئەنە شۇنداق ئۈمىد، ئىشەنچ، دوستلۇق ھىجرانى بىلەن باقىدىغانچە بۇ كۆزلەر ئايرىلىشىدۇ. ئاھ! ئايرىلىش . . .

ئىككى سائەتنىڭ ئالدىدا مەمۇر بىلەن قەزىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر سۆھبەت بولۇپ ئۆتتى.

— قەزىر ساڭا بىر ئىشنى دېمەكچىدىم.

— ياق مەمۇر، دېمەيلا قوي، مەن ھەممىنى بىلىمەن. ھەممە كىشىنىڭ تاللاش ھوقۇقى بولىدۇ، ئەركىنلىكى بولىدۇ. مۇھەببەت — ئەڭ ئەركىن تاللاش دېمەكتۇر. بۇ ئىشتا مەنمۇ، سەنمۇ، ئۇمۇ ئەيىبلىك ئەمەس. مەن، راھىلە باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ھېلىقى ئاخشىمى، مەكتەپ ئىچىنى ئۇزاق ئايلاندىم. ئاندىن سىنىپقا چىقىپ چىراغنى يېقىپ قويۇپ راھىلەنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. مەن ئۇنىڭ قوللىرى تەگكەن ئۈستەلنى ئۇزاق سىلىدىم، پېشىمنى قويۇپ ئۇنىڭ تىنىقلىرى تەگكەن ئۈستەلنى يەنە ئۇزاق ھىدلىدىم. مەن شۇ مىنۇتقىچە ئۇنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلىش تۈگۈل كۆڭلۈمگىمۇ كەلتۈرۈپ باقماپتىكەن-مەن. بىر چاغدا ئىختىيارسىز ئۇنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ ئۇنىڭ خەتلىرىنى، كىتابلىرىنى كۆرگۈم كېلىپ قالدى. بىر مۇنچە كىتابلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭ سىرلىق تاشلىق خاتىرىسىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى . . . مەن ھەممىنى چۈشەندىم. سەن ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا مەندىن كەچۈرىدى-غان، كەچۈرمەيدىغانلىقىمنى سورىغىنىڭدى-مۇ، مېنىڭ ئۇ خاتىرىنى كۆرگەنلىكىمنى بىلمەيدىكەن دېگەن خىيال بىلەن چاندۇرماستىن بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم. بىلمەن مەن ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتقاندا سەن ئازابلاندىڭ، سەن ئۇنى دەپ ئەمەس، مەن ئۈچۈن، دوستۇڭ ئۈچۈن، تەقدىرنىڭ بۇ خاتا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئېچىنىپ ئازابلاندىڭ . . . مانا بىز خوشلىشىۋاتىمىز. مېنى ئۇنۇتما دوستۇم مەنمۇ . . . ھەي! بەش يىل بىر بۇلاقتىن سۇ ئىچتۇق. مەن سەن بىلەن كەلگۈسىدىمۇ ئۇچرىشىشنى، يەنىلا سەن بىلەن دوست ئۆتۈشنى خالايمەن دوستۇم . . .

غەربكە قىيسايغان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى، شاخلاردا ئاندا - ساندا قېلىپ قالغان ئالمىلارنىڭ مەڭزىدە، يىراقتىكى ئېگىز بىنانىڭ كاھىشلىق تاملىرىدا جىلۋە قىلاتتى. قەزىر ھەممە دوستلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ بايىلا راھىلە، مەمۇرلار بىلەن ئولتۇرغان تاش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ تارقىلىپ كېتىۋاتقان كەچكى شەپەققە تىكىلدى. ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ سىرغىماقتا. بۇ ئىككى تامچە ياشتا قۇياشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىپقىزىل نۇرلىرى قېتىپ قالغانىدى.

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

www.uyghurkitap.com



ئا. ناسىر يۇنۇس (ياۋايى)

# مەڭگۈلۈك ئازاب

(ھېكايە)

— ئېھ ئىنسان بالىسى، سەن شۇنى بىلىپ قالغىنكى، مەن سەن ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ھىجران ئازابى تارتىشقا، غېرىب يېگانىلىق دەردىنى تارتىشقا، مەسخىرە، تىل - ھاقارەت سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا رازىكى، ساڭا بولغان چەكسىز ھۆرمەت - ساداقىتىم، سۆيگۈ - مۇھەببىتىم مەڭگۈگە ئۆچمەيدۇ! سەن پەقەت مېنىڭ ساڭا شۇنچىلىك ئەقىدەمنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالساڭلا كۇپايە. سەندىن ئۇنىڭدىن ئارتۇق شەپقەت تىلىمەيمەن.

— كۈندىلىك خاتىرەمدىن

1

ئەتراپ گۆرىستان قاراڭغۇلۇقىغا چۆمگەن، تولىمۇ جىمجىت ۋە سۈرلۈك ئىدى. كۆزلىرىم بىرلا دېرىزىگە، سۇس يورۇقلۇق چىقىپ تۇرغان دېرىزىگە تىكىلگەن، كۆڭلۈم ئاجايىپ خاراموش، تەنلىرىم جىددىيلىك ئىچىدە تىترەيتتى.

«زادى قانداق قىلىش كېرەك؟...» بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئوقۇتقۇچىلار ئائىلە قورۇسىغا يېتىپ كەلدىم. يۈرىكىم زەرب بىلەن سوقاتتى. پۇتلىرىم كالۋالىشىپ، نەپىسىم سىقىلىپ، كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى... ئاھ!... مۇئەللىم ئۇنارمۇ... ئەگەر بۈگۈنكى تەقسىمات كۈچكە ئىگە دەپ تۇرۇۋالسا... ياق يالۋۇرۇپ بولسىمۇ، يىغلاپ بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر گۇرۇپپىغا بۆلۈنىمەن... مۇئەللىمنى ھەر ئامال قىلىپ قايىل قىلىمەن، چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن بىر گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈشۈم كېرەك. ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسەم مېنىڭ كۈنۈم كۈن بولامدۇ...»

ئازابلىق خىيال... ئاچچىق يىغا... ئەندىشىلىك تۇيغۇلىرى...

مىڭ ئويلىنىش، مىڭ ئىككىلىنىش ئىچىدە ئىشىكنى چەكتىم.

— كىم؟

— مەن... مەن غەيرەت...

— بۇ كېچىدە نېمە دەپ كەلدىڭىز، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

خۇدۇكسىرەيمەن، مۇئەللىمگە بىچارىلەرچە يېلىنىپ قارايمەن... دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئارانلا شۇنى دېيەلىدىم:

— ئۆزلىرىنى بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كىرىۋىدىم.

— نېمە ئىش؟ تارتىنماي دەۋېرىڭ، قېنى چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇڭ...

جىمجىتلىق... سۈكۈت... تىترەش... ئىككىلىنىش...

— مۇئەللىم مۇنداق ئىشتى، مەن پراكتىكىنى قاغىلىق گۇرۇپپىسىدا قىلسام...

— نېمىشقا؟ سىز پوسكام گۇرۇپپىسىغا يېتەكچىلىك قىلىپ بارىدىغان تۇرسىڭىز؟

— مۇئەللىم، ئەسلى ئىش مۇنداقتى، نۇربىيە بىلەن ئىككىمىز بىر قانچە تەجرىبە لايىھىسىنى تۈزگەنىدۇق. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئىشلىسەك ئاسانراق بولارمىكىن دەپ...

— نېمە تەجرىبە ئىدى؟

— بىر قانچە خىل زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتى، زىيان سېلىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆزىتىش...

— بۇغۇ ياخشى گەپكەن، بىراق ھەر ئىككىڭلار بىر گۇرۇپپىدا بولۇۋالساڭلار قانداق بولار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئېلان قىلىپ بولغان تۇرساق...

— مۇئەللىم بۇنىڭ ئامالى بار. ھېلىقى قاغىلىق گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنگەن ئەكبەر بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويسىلا بولىدىغۇ...

قانچىلىك يېلىنغانلىقىمنى بىلمەيمەن، مۇئەللىمنى ئاخىر قايىل قىلدىم.

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سۇس يورۇق دېرىزىگە مېھرىم بىلەن تىكىلدىم:

— رەھمەت مۇئەللىم...

— ۋۇي، ئەسلى غەيرەت پوسكام

گۈرۈپپىسىدا ئىدىغۇ...

— ئەكبەر بىلەن ئالماشتۇرۇپتۇ...

— غەيرەت پوسكام گۈرۈپپىسىدا تۇرۇۋەرسۇن...

— ياق، قاغىلىققا بارسۇن، ئەجەب بەلەن بوپتۇ... ساۋاقداشلار غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقاندا مۇئەللىم كەلدى ۋە تەقسىماتنى ئېلان قىلدى:

— ساۋاقداشلار، بۇ قېتىمقى پراكتىكا جەريانىدا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن يولداش غەيرەت قاغىلىق گۈرۈپپىسىغا مەسئۇل بولۇپ بارىدۇ. نۇربىيە بىلەن غەيرەت ئوبدان ماسلىشىپ قاغىلىق گۈرۈپپىسىنى ياخشى باشقۇرۇپ كەتسە مەن ئاساسلىقى يەكەن، پوسكام گۈرۈپپىسىدا بولىمەن. ۋاقتىم چىقسا قاغىلىققىمۇ بېرىپ تۇرىمەن... يولداش ئەكبەر پوسكام گۈرۈپپىسىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ...

— مەن ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال، مۇئەللىمدىن چىن كۆڭلۈمدىن رازى ئىدىم. پوسكام گۈرۈپپىسىدىكىلەر «غەيرەت بىز بىلەن بېرىۋەرسىچۇ» دېيىشىپ خاپا بولۇشسا، قاغىلىق گۈرۈپپىسىدىكىلەر مېنىڭ بىلەن بىرگە بولغىنىغا خۇشال ئىدى. لېكىن مۇشۇ سورۇندا پەقەت بىرلا ئىنساننىڭ يا خۇشال بولغىنىنى، يا خاپا بولغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ چىرايى غەمكىن، كۆزلىرى ئويچان، تۇرقى بىپەرۋا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم لەسسىدە بولۇپ كەتتى... ئۇ نۇربىيە ئىدى!...

خارامۇشلۇق ئىچىدىكى خۇشاللىق، هاياجان ئىچىدىكى قايغۇ، كۈلكە ئىچىدىكى هەسرەت، خۇشلۇق ئىچىدىكى مۇڭ...

بالىلار كۈلكە - چاقچاق، ئويۇن - تاماشا بىلەن قىزغىن، مەن بولسام خىياللار ئىچىدە كېزىمەن. نۇربىيە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ماڭانارازى قىياپەتتە پات - پات قارايدۇ...

— غەيرەت، ئوقۇغۇچىنى ئۇخلاپ بولدۇڭمۇ، گەپ قىلە.

— بۇ دېگەن بىزنىڭ باشلىق جۇمۇڭلار، ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىشقا رۇخسەت يوق!...

— ۋاي ئىست، ئەمدى مېنى جازالارمۇ...

— قورقما، بىز كۆپچىلىك ساڭا ۋاكالىتەن ئەپۇ سورايمىز...

— ...

قىزىق، يۇمۇرلۇق گەپلەر، چاقچاقلار، كۈلكىلەر...

ئۇنىمۇ دېدۇق، بۇنىمۇ دېدۇق بالىلار، ئەمدى مۇشۇ سايلىقتىن چىقىپ بولغۇچە غەيرەت ئۆزىنى كۆرسەتسۇن. ئۇنىڭ گىتارىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى يۈرەكلەرنى ئويناتسۇن. قېنى هەممىڭلار ئوقۇغۇڭلارنى ئېچىڭلار، ئۆلۈپ كېتىدىغان جاهان بۇ بالىلار، بىر مىنۇت بولسىمۇ كۈلۈپ ياشايلى... قېنى غەيرەت، تولا مۇڭلىنىپ ئىچىمنى پۇشۇرماي گىتارىڭنى ئال...

ئۆزۈمچە هاياجانلىنىپ كەتتىم. يۈرىكىم تېپچەكلەيتتى. بالىلارغا بىر قۇر سەپ سېلىپ چىقىپ ئاخىرىدا كۆزۈم يەنىلا خىيالچان ئولتۇرغان نۇربىيەدە توختىدى. بىر يەرلىرىم ئېچىشقاندەك، ئاغرىۋاتقاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ دەقىقە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاجايىپ مۇڭلۇق ۋە ئويچان ئىدى. مەن گىتارىمنى سازلاپ دېرىزىدىن چەكسىز سايلىقلارغا تىكىلگىنىمچە تارلارنى چېكىشكە باشلىدىم...

بىر كېلىپ دۇنياغا مەن، ئىككى ئۆلەيمۇ ئەي نىگار،
بىر كۆرۈپ ئۇشبۇ كۆزۈڭنى، بولدۇم ساڭا مەهلىيار.
بۇتنىما قاغاپ مېنى، ئۆلەمىمۇ سەنچۇن ئىنتىزار،
ئاهىم تۇتار ئاه بىر كۈنى مېنى قىلما خارۇزار.
بۇ كۆيۈك شۇنداق كۆيۈك، كۆيگەن ئەمەس هېچبىر گۇناھ،
سەن ئىشەن بۇ سۆزلىرىم يالغان ئەمەس ئەلچى خۇدا.
مەيلى سەن ئەتمە قوبۇل، بىر ئۆمۈر ئاه دەپ ئۆتەي،
گەر سېنى قىلسام خاراب بولۇپ كېتەي مىڭ - مىڭ جۇدا.

.........................

— ياشا غەيرەت!...

— بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق ئۆتسەك - هە!...

— يۈرىكىڭ سۆيگۈ دەپ ئېتىلىپ كەتمىسۇن يەنە!...

— ...

خۇشال كۈلكە - چاقچاقلار، مۇڭلۇق كۈيلەر، بىتاقەتلىك تەلپۈنۈشلەر، يەنە هەسرەت...

2

«نۇربىيە

ۋۇجۇدۇمدا ئۆزۈڭدىن بېرى سىزدىن يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر نازۇك سىر بار

www.uyghurkitap.com

ئىدى. بۇ سىرنى مەكتەپتىكى ۋاقتىمدىغۇ ئەسلا دېيەلمىدىم، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مۇشۇ پراكتىكا جەريانىدا سىزگە چوقۇم دېمىسەم بولمايدىغان ھالغا يەتتىم. مېنىڭ ئۆزۈمنى، يۈرىكىمنى ئالدىغىلى ئۇزۇن بولدى. لېكىن ئامال بولمىدى. نەچچە كۈندىن بېرى مەجبۇرىي ھالدا سىزنى كۆرمەسكە، ئويلىماسلىققا تىرىشىپ باقتىم. لېكىن يەنىلا ئامال بولمىدى! مەن قانداق قىلىمەن، سىزنى كۆرمىگەن كۈنۈم، سىزنى ئويلىمىغان كۈنۈم ماڭا ھارام.

نۇربىيە سىزمۇ بىلىدىغانسىز، مېنىڭ سىز ئۈچۈن چېكىۋاتقان ئازابلىرىمنى تۇيۇۋاتىدىغانسىز! مەن ئەزەلدىن چۈشكۈنلۈكنى ياخشى كۆرمەيمەن. ھەر قانچە بولۇپ كەتسەممۇ چىرايىمدىن كۈلكە ـ تەبەسسۇم ئۆچمەس!... نۇربىيە، مېنى چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن! سىز ئىنتايىن سەزگۈر، ئەقىللىق قىز. ئاشۇ چاغدا مېنىڭ قاغىلىق گۇرۇپپىسىغا ـ سىزنىڭ گۇرۇپپىڭىزغا بۆلۈنگەنلىكىمنى ئۇققىنىڭىزدا ماڭا نارازىلىق كەيپىياتتا قارىدىڭىز. مېنىڭ مۇئەللىمگە دەپ قەستەن مۇشۇ گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەنلىكىمنى بىلىپ قالدىڭىز. لېكىن ماڭا بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق نۇربىيە! سىزنى كۆرمەي ئىككى يېرىم ئاي ۋاقىتنى مەن قانداق ئۆتكۈزىمەن؟!...

نۇربىيە مېنى چۈشەنسىڭىز، ماڭا ئىشەنسىڭىز، مەن سىزنى ئۆمۈرۋايەت خاپا قىلماسلىققا قەسەم ئىچەي! مېنى ئۆز كۆرسىڭىز، مېنىڭ سىزنى قوغدىشىمغا رۇخسەت قىلسىڭىز!

جاۋابىڭىزغا تەلمۈرۈپ: غەيرەت»

جاۋابسىز قالغان خېتىم، تىترەۋاتقان يۈرىكىم، زارلىنىۋاتقان قەلبىم...

بۈگۈن يەكشەنبە ئىدى. ئەتە بىز قاغىلىق گۇرۇپپىسىدىكى ئون بەش ساۋاقداش ئۈچ يېزىغا بۆلۈنۈپ كەتمەكچى ئىدۇق. مەكتەپتىنغۇ مۇئەللىمگە دەپ بۇ گۇرۇپپىغا بۆلۈندۈم. ئەمدىچۇ؟ بىر يېزىغا ئۆزۈم مەسئۇل بولۇپ بارمىسام زادى بولمايتتى. نۇربىيەچۇ؟ ئۇمۇ چوقۇم بىر يېزىغا مەسئۇل بولۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

خىيال ۋە ئازاب ئىچىدە مىنۇتلار ئاستا ئۆتمەكتە...

ئولتۇرۇشىمىز باشلاندى. دەسلەپ ئۈنئالغۇدىن ياڭرىغان مۇڭلۇق ۋالىس مۇزىكىسىغا بالىلار پىرقىراشتى. نېمىشقىدۇر ئۇلار باشقا كۈنلەردىكىدەك ئانچە شوخ، خۇشخۇي ئەمەس ئىدى. نۇربىيە تېخىمۇ مۇڭلىنىپ كەتكەنىدى. بۇلارنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر ئىچىم «ۋاژ» قىلىپ كۆزۈمگە ياش كەلدى. ئېھتىمال بۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماۋاتقاندۇ. ئۆزۈمنى زورىغا بېسىپ ئۈنئالغۇنى ئۆچۈرۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ــ ساۋاقداشلار، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىز ئەتە ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ يېزىغا بارماقچى. گۇرۇپپىلارغا مەن، نۇربىيە، قەيسەر مەسئۇل بولىمىز. مەن بىر گۇرۇپپىنى ئېلىپ يىراقراق يېزىغا، بارىن يېزىسىغا باراي، قەيسەر بىر گۇرۇپپىنى ئېلىپ تېتىر يېزىسىغا، نۇربىيە بىر گۇرۇپپىنى ئېلىپ بازارلىق ھۆكۈمەتكە بارسا...

ــ ياتاقلىرىمىزنى ئېلىپ بارىمىزمۇ؟

ــ قانچە كۈنلۈك بارىدىكەنمىز؟

ــ ...

ــ ساۋاقداشلار، مەن باشلاپ بارىدىغان گۇرۇپپىدىكىلەر ياتاقلىرىمىزنى ئېلىپ بارىمىز، قالغان ئىككى گۇرۇپپىدىكىلەر ئەتىگىنى بېرىپ، ئاخشىمى كېلىپ ئىشلىسىمۇ بولىدۇ...

ھەممەيلەننىڭ بېشى يەرگە ساڭگىلىغان، چىرايلىرى مۇڭلۇق كۆرۈنەتتى. يۈرىكىم ئېچىشىپ كۆزلىرىم يەنە ياشلاندى.

ــ ساۋاقداشلار، قېنى شوخ ـ شوخ ئويناڭلار، نېمىشقا بۇنداق شۈكلىنىۋالىسىلەر. بىز ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم يىغىلىپ مۇشۇنداق ئولتۇرىمىز. ھەر شەنبە كۈنلىكى بىزمۇ يېنىپ كېلىمىز. قەيسەر قېنى سەن، ئۈنئالغۇنى قويۇپ تانسا ئوينايلى...

ئەمەلىيەتتە ھەممىدىن بەك مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم ئىدى. بىر دەمدىن كېيىن سورۇن خېلىلا جانلىنىپ قالدى. ئوغۇللار قىزلارنى پىرقىرىتىپ تانسا ئوينىماقتا. بىر-بىرىگە سۆيگۈ، مېھىر، دوستلۇق، قىيالماسلىق نەزىرىدە تىكىلىشمەكتە...

مەن نۇربىيە ئولتۇرغان كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ، ئاجايىپ مىسكىن كۆرۈنەتتى.

— نۇرىيە، — دېدىم مەن مالىك تەسلىكتە ئۇنىڭغا قاراپ، — ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر قەۋەت ياش پەردىسى ئوينايتتى.

— خاپىغان كۆرۈنىسىزغۇ؟

— غەيرەت، بارىنىغا مەن بارسام...

— نېمە، سىز...

— سىز يېقىنراق يەرگە چىقىپ ھەممە گۇرۇپپىلارنى ئايلىنىپ تۇرسىڭىز...

— بولمايدۇ نۇرىيە، ئۇ دېگەن چەت، يىراق يېزا، ئۆزۈم باراي، سىز ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ، بالىلارغا ئوبدان قاراڭ، بۇ شەھەر، ھەر قىسما ئادەملەر كۆپ، بولامدۇ؟ ئۆزىمىزگە بىرەر گەپ تېپىۋالماي-لى...

— ...

— غەيرەت ئەمدى نۆۋەت سېنىڭ، تانىسىدىنمۇ زېرىكتۇق. ھازىر بىزنى پەقەت سېنىڭ گىتارىڭلا خۇشال قىلالايدۇ، قېنى بىر چالغىنا تىڭشايلى...

— ئەمىسە ھەممىڭلار شوخ ئولتۇرۇڭ-لار، مۇڭلىنىشقا، مۇگىدەشكە رۇخسەت يوق، قانداق؟

— بولىدۇ...

— ھەممەيلەن شوخ ئولتۇرايلى، ناخشىغا جۆر بولايلى...

تۇغۇلدۇق دۇنياغا ئۆلمىز ئاخىر،
بىلمەيمىز بۈگۈنمۇ ئەتىمۇ بىراق.
كۈلەيلى بىر مىنۇت ھەتتا دەقىقە،
پاك ياشاپ ناپاكتىن قاچىلى يىراق.

ئادەمدە ئاخىرى بولسۇن بىر نىشان،
ھەرگىزمۇ ئۆتمىسۇن دۇنيادىن ئىزسىز.
بۇ ياشاش يولىدا قىلغىن كۆپ كېڭەش،
بولمىغىن، پۇشايماندا قەدىر - قىممەتسىز...

3

«غەيرەت:

تۇن يېرىمدىن ئېشىپ ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن مۇشۇ سائەتتە شامنىڭ غۇۋا يورۇقىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. سىز ھازىر قەلبىمنىڭ قانچىلىك ئۆرتىنىۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىمنىڭ قانچىلىك زارلىنىۋاتقانلىقىنى قىلچە بىلمەيدىغانسىز...

غەيرەت، يىغا بىلەن، مۇڭلىنىش بىلەن ئادەم دەردىنى تۆكمەلەيدىغان بولسا مېنىڭ دەردلىرىم تۈگىگەن بولاتتى. ئەپسۇسكى مەن شۇنچە يىغلىدىم، شۇنچە مۇڭلاندىم، ئەكسىچە دەردىم كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋەردى...

ئالدىمدىكى دېرىزە كۆزنەكلىرىدىن قاپقاراڭغۇ تىلسىم بوشلۇقتا جىمىرلىشىۋات-قان يۇلتۇزلارنى كۆرۈۋاتىمەن. بۇ يۇلتۇزلاردىن قايسىسى سىزنىڭدۇ؟... يىغام ئىچ - ئىچىمدىن قاپساپ كېلىۋاتىدۇ. تېنىم ياپراقتەك تىترەۋاتىدۇ. كۆز ئالدىمدا سىز... ئاھ خۇدا! مەن نېمانداق شور پېشانە يارىلىپ قالغان بولغىيتتىم؟ نېمىشقىمۇ بۇ مەكتەپكە كەلگەن بولغىيتتىم؟!...

غەيرەت، سىزنىڭ ۋىجدانلىق يىگىت ئىكەنلىكىڭىزگە شەك - شۈبھىسىز ئىشىنىمەن. سىز ھەرگىزمۇ ئادەمگە ئازار بېرىشنى، كىشىگە قىلچىلىك يامانلىق قىلىشنى ئويلىمايدىغان پاك قەلب ئىگىسى! سىزنىڭ مەن ئۈچۈن تارتىۋاتقان ئازابلىرىڭىزنى، ھەسرەتلىرىڭىزنى... ھەممىنى بىلىمەن. لېكىن غەيرەت، ئاھ... مەندىمۇ ئامال يوق، زادى ئامال يوق. سىز مېنىڭ ئەھۋالىمنى قىلچە بىلمەيسىز! سىز مېنىڭ كۆز ئالدىمدا قورقۇنچلۇق چۈشتەك دائىم كۆرۈنۈپ، مېنى ئازابلايدىغان مۇنۇ قىسمەتلىرىمنى ئاڭلاشنى خالامسىز؟...

... مەن تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ تېخنىكوم مەكتەپكە ئىمتىھان بەردىم. نەتىجەم ئۆلچەمگە يەتكەن بولسىمۇ چاقىرىق كەلمىدى، ئازابلاندىم. ئاخىرى تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇپ داشۆگە ئىمتىھان بېرىشنى نىيەت قىلدىم. لېكىن ئائىلەمدىكىلەر مېنىڭ رايىمغا باقمىدى. تويۇمنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى. ئانامنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، دادامنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ يالۋۇردۇم. — جېنىم ئانا، جېنىم دادا، نېمىشقا بۇنچە ئالدىرايسىلەر، مەن تېخى كىچىك، ھېچ بولمىغاندا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋالاي، سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى بىھۇدە قىينىماڭلار... لېكىن ئۇلار:

— قىزىم، تولا جاھىللىق قىلما، شۇنچە ياخشى ئوقۇغانتىڭ، يەنىلا ھېچنەگە ئۆتەلمىدىڭ، يەنە ئوقۇساڭ بەربىر. رەسۇل شاڭجاڭنىڭ ئوغلى بەك بەلەن بالا بولدى، شاڭجاڭمۇ سېنى كېيىنچە بىر يەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن دېدىڭ. . . ئەمدى ئۇقۇش - پۇقۇشنىڭ گېپىنى قىلما. . . — دەپ يالۋۇرۇشۇمغا پىسەنت قىلمىدى. . . قانچىلىك يىغلىغىنىمنى، قانچىلىك ئازاب چەككىنىمنى بىر خۇدا بىلىدۇ. . . مېنىڭ ھالىمغا يېتىدىغان ھېچكىم يوق، ھەممىسى ئالدىراش ھالدا توي تەييارلىقىغا چۈشتى. توي كۈنىمۇ بېكىتىشتى. ئاتا - ئانام، ئورۇق - تۇغقانلىرىمنى ئىچىمدە مىڭ قاغايمەن، يىغلايمەن، خۇداغا توختىماي ئىلتىجا قىلىمەن، بىراق ئاھلىرىمنى خۇدامۇ ئاڭلاشنى خالىمىدى، ماڭا ئىچ ئاغرىتمىدى. ئاخىر توي بولدى، مىڭ يىغلىساممۇ ئامال بولمىدى، ھەممە ئىش ئۇغۇل تەرەپتىنلا پۈتكۈزۈپ بولۇنغانىدى.

تويۇم بولۇپ ساق ئۈچ كۈن ئۆتكەندە قولۇمغا چاقىرىق قەغىزى كەلدى! ھېچ چۈشەنمەيتتىم. «بۇ نېمە ئىش، زادى نېمە ئىش؟ !» خورلۇقتا ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدىم. ئاتا - ئاناممۇ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ يۇم - يۇم يىغلىدى. لېكىن يىغلىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغان تۇرسا؟ . . .

بىر نەچچە كۈن تالاش - تارتىش قىلىپ، مېنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئەگەر ئوقۇشقا ئەۋەتمىسەڭلار ئۆلۈۋالىمەن دەپ جاھىللىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ئاخىرى مەن مەكتەپكە بېرىشكە رۇخسەت قىلىنغان، يانلار ئىشلارنى مېنىڭ «قېيناتام» بىر تەرەپ قىلىدىغان، مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بۇ تويىنى قايتا قىلىدىغان بولۇپ ۋاقىتىنچە ئاجرىشىپ تۇردۇق. . .

ئاھ غەيرەت! بىلدىڭىزمۇ؟ مەن قانداق ئادەمكەنمەن!

مەن مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئۆتكەن كۈنلىرىم سىزگە ئايان! باشقىلارغا ئارىلاشماي، خىيالچان، مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم. ئويلايدىغىنىم، نېمە ئۈچۈن چاقىرىق قەغىزى توي قىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىدۇ؟ بۇنىڭ تېگىدە بىرەر ئويۇن بارمۇ - يوق؟ ! دېگەن سوئال. لېكىن بۇ سوئالىمغا جاۋاب تاپالمايتتىم. باشقا قىزلارغا ئوخشاش ئەركىن كۈلۈپ يۈرەلمەيتتىم. گەرچە مېنىڭ بۇ ئىشىمنى مەكتەپتىكى بىرەر كىشى بىلمىسىمۇ يەنىلا ئۆزۈمچە خۇدۇكسىرەيتتىم . . .

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۆلگەن يۈرىكىمگە ئاجايىپ بىر نازۇك سېزىم تارقىلىشقا باشلىدى. قانچە قىلساممۇ بۇ سېزىمدىن زادىلا قۇتۇلالمىدىم. ئەكسىچە، كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇ سېزىم نېمە؟ ! . . . ئاھ غەيرەت! ئوچۇقىنى ئېيتاي، بۇ — سىزنىڭ كۆزىڭىزدىكى نۇرغا، سىزنىڭ چىرايىڭىزدىكى مېھرىگە، سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدىكى سۆيگۈگە مەھكەم باغلانغان ئاجايىپ سېھىرلىك سېزىم!

بىلىپ تۇرىمەن. سىز بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى ھامان ماڭا شۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچاتتىڭىز. شۇڭا يۈرىكىم سىز، خۇدۇك ئىچىدە تەمتىرەپلا ياشىدىم. سىزگە قوپال (ئۆزۈمگە قانچە ئازاب بولسىمۇ) مۇئامىلە قىلاتتىم. . . خۇدايىم كۆڭلىڭىزگە ئىنساپ بېرىپ مەكتەپتىكى ئىككى يىللىق ھاياتىمىزدا بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدىڭىز. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ئازابلىنىمەن ھەم خۇشال بولىمەن. «ئاھ! ئوقۇشۇم شۇنداقلا پۈتۈپ قالسا، غەيرەت سىرىمنى سىر پېتى ئېلىپ كەتسە. . . مەنمۇ سىرنى سىر پېتى ئېلىپ كەتسەم. . .» دەپ خۇداغا ئىلتىجا قىلاتتىم. . .

پراكتىكىغا بۆلۈنگەن كۈنى بىر كېچە ئۇخلىمىدىم. چۈنكى مەن سىزنى ئىككى يېرىم ئاي كۆرەلمەيتتىم. شۇ كۈنى خاتىرەمگە مۇنداق بىر شېئىرنىمۇ يازغانىدىم:

قېيقالسۇن مېنىڭدىكى سىرلار شۇ پېتى،
ساقلىغىن سىرىڭنى سەنمۇ ئەلۋىدا.
بىر ئۆمۈر يوشۇرۇن كۆيۈشۈپ ئۆتسەك،
بەك شېرىن ۋە گۈزەل تۇيۇلار دۇنيا. . .

لېكىن ئەتىسى يەنىلا بىر گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەنلىكىمىزنى ئۇقۇپ يەنە خۇشاللىق ئىچىدە ئازابلاندىم. . . دەردىمنى ئاز دەپ گىتارىڭىزنىڭ مۇڭلىرى يۈرىكىمنى چېكەتتى. . .

ئاخىرى ئويلىغىنىمدەك سىزنىڭ خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. نېمە دەپ جاۋاب بېرەي؟ ھېلىقى يېزىلارغا بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى بولغان ئولتۇرۇش ئېسىڭىزدە باردۇ، ھە دېگەندە كۆزۈمگە يىغا

يامىشىپ ئىچىم ۋاژقىراپ ئېچىشاتتى، ئۆزۈمنى شۇنچە تۇتۇۋالساممۇ يىغانىم ئۆرلەپ تۇراتتى. شۇ مىنۇتلاردا ئۇلۇغ ئالالاھدىن سىزنىڭ ماڭا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قالماسلىقىڭىزنى مىڭ ـ مىڭ ئىلتىجا قىلدىم. چۈنكى، سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىساملا، چىرايىڭىزنى كۆرسەملا مېنى يىغا تۇتاتتى، ئۆزۈمنى شۇنچە تەستە تۇتۇپ ئولتۇرىمەن. سىز ساۋاقداشلارنى خۇشال بولۇشقا ئۈندەيسىز ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ئازابلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى مېنىڭدىن يەنىلا يوشۇرۇپ قالالمىدىڭىز...

ھەسرەت، مۇڭ... گېتارىڭىزنىڭ مۇڭلۇق ساداسى يۈرىكىمنى تىترەتتى. خۇشناۋا ئاۋازىڭىز قەلبىمنى ئاۋۇندۇراتتى. باللار تىمتاس ئولتۇرۇپ مۇڭلىنىپ تىڭشىماقتا... كۆزلەردە لىغىرلاپ قالغان ياشلار... چىرايلاردا ئىپادىلىنىپ قېلىۋاتقان ھەسرەتلەر... ئاھ خۇدا! بۇ نېمە ئۈچۈن، زادى نېمە ئۈچۈن!!...

«ساۋاقداشلار، ئۆزۈڭلارنى خۇشال تۇتۇڭلار، ئۆزۈڭلارنى كۆپ ئاسراڭلار، مۇشۇ قىسقىغىنە پراكتىكا جەريانىمىزدا ئۆزىمىزگە گەپ تېپىۋالمايلى! جەمئىيەتتىكى بەزى يامان ئادەملەرگە ئارىلىشىپ قالمايلى! قەيسەر، نۇربىيە، سىلەر ئۆز گۈرۈپپاڭلاردىكىلەرگە ياخشى كۆز ـ قۇلاق بولۇڭلار! ھەر شەنبە كۈنى يىغىلىشىمىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار!...» سىزنىڭ شۇ كېچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆزىڭىز شۇ بولدى. كۆزلىرىمگە يەنە بىر قېتىم تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتىڭىز...

غەيرەت، شۇنىڭدىن بېرى، بىر قانچە شەنبە كۈنلىرى يەنە يىغىلىپ ئولتۇردۇق. لېكىن سىز بۇرۇنقىدىن ئۆزگىرىپ كەتتىڭىز، سىزگە قارىسام ئىچىم سىيرىلەتتى. سىزنىڭ ئازابلىنىشىڭىزنى خالىمايمەن. يېشىم تۆكۈلىدۇ... لېكىن مەن سىزگە مەڭگۇ مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن! سىزنى قانچە ياخشى كۆرسەممۇ مېنىڭ ئامالىم يوق! ئىسىت دۇنيا! ئىسىت ئادەملەر!...

غەيرەت، مېنىڭ ئەھۋالىم ئەنە شۇنداق! مەن ئەنە شۇنداق بىتەلەي ئادەم! قەپەسكە سولىنىپ قالغان قۇش، خالىغان جايغا ئۇچالمايمەن، خالىغان جايغا قونالمايمەن، پەقەت ئاھ ئۇرۇپ، ئۇنسىز نالە قىلىشلا قولۇمدىن كېلىدۇ. ئەمدى مېنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىڭ، مېنى قەلبىڭىزدىن مەڭگۈ قوغلاپ چىقىرىڭ. مەن ياخشى كۆرۈشكە، سۆيۈشكە ئەرزىمەيمەن!... سىرىم سىر پېتى قالسا...

سىزنى قەلبىمدە مەڭگۈ ھۆرمەتلەيمەن.

نۇربىيە»

4

«تەقدىرنىڭ بۇ خىل رەھىمسىز چاقچاقلىرىدىن كۆپ ئۆكۈندۈم نۇربىيە، قەلبىمدە گويا مەن ئۆلۈپ كېتىۋاتقاندەك بىر سوغۇق ئېقىم پۈتۈن جىسمىمنى قاپلىۋالدى. سىزنىڭ ئاشۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىڭىزنى بىلىپ نەچچە كېچە يىغلىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. سىزنى زورلىمايمەن نۇربىيە! ناۋادا سىزلا قوشۇلۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ، ھاياتىمىزنى قايتىدىن باشلايلى دېسىڭىز مەن مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتىپ رازىلىق بەرگەن بولاتتىم، لېكىن سىز ئۇنىمىدىڭىز...

نۇربىيە، قەلبىمدە تۇنجى مۇھەببەت بېغىنى ياشناتقان ئادەم سىز! سىزنى مەن مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن! قانچە قىلساممۇ سىزنى ئەتراپىمدىكى باشقا باغۋەنلەرگە ئوخشىتالمىدىم.

ئاخىرىدا سىزگە شۇنى دېگۈم كېلىدۇ: ئادەم ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئازاب چەكسىمۇ مەيلى! بىر ئۆمۈر ۋەيرانە بولسىمۇ، يېگانە قالسىمۇ مەيلى! پەقەت شۇ ئادەم ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسىلا كۇپايە!

بىر ئۆمۈر قەلبىمدىن چىقمايسەن نىگار،
ھەتتا كۆرمىسەڭمۇ مېنى ئەل قاتار.
ۋە يەنە بىلىپ قال، پەقەت سەن ئۈچۈن،
ياشايمەن ئەبەدىي قەلبىم ساڭا يار...

خەير سىزنى مەڭگۈ ئۇنتالمايدىغان دوستىڭىز: غەيرەت»

تەھرىرى: دىلنۇر ئابلىز

www.uyghurkitap.com

# پېشقەدەم شائىر، تارىخچى مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجىم ۋاپات بولدى



مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ ھاجى 1907 ـ يىلى خوتەن شەھەر ئوردا كۆل بېشى مەھەللىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1911 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خوتەن شەھەر غوجام كۆل بېشىدىكى دىنىي مەكتەپتە خەت ساۋاتىنى چىقىرىپ، 1919 ـ يىلى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم ئېلىش ئۈچۈن شۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتى بولغان يېڭىشەھەر جامە مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1922 ـ يىلى ئاتىسى بىلەن ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن. 1924 ـ يىلدىن 1937 ـ يىلغىچە خوتەن پوچتىخانىدا خىزمەت قىلغان. قوشۇمچە سودىگەرچىلىك، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

پېشقەدەم تارىخچى ھەم شائىر مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ ھاجى 1928 ـ يىلدىن باشلاپ تارىخ ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىغا كىرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ياراتقان تارىخىي ـ ئەدەبىي ئەسەرلىرى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئوبرازىنى، ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەزگۈچى سىنىپلارغا قارىتىلغان كۆرەشلىرى، ھەققانىيەت يولىدا ئىزدىنىشلىرى، مىللەتنىڭ سائادەتكە، ۋەتەن بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشكە بولغان ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

شائىرنىڭ 1945 ـ يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يازغان «قىياپەتى زامان»، «ھايات يوللىرى» دېگەن ئەسەرلىرى ئۆز ۋاقتىدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ۋەتەنپەرۋەر شائىرلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجى ياشلىق دەۋرىدە شائىر بىلال ئەزىزى بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ، ئۆزئارا شېئىرلارنى يېزىشقان.

ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئادالەت، ھۆرلۈك يولىنى ئىزدەپ، خەلقنى، نادانلىقتىن قۇتقۇزۇشقا ئىنتىلىپ، جەمئىيەتتىكى سىياسىي تەقىپ، قورقۇتۇشلارغا پەرۋا قىلماي نۇرغۇنلىغان ئىجادىي ئەمگەكلەرنى ياراتقان بولسىمۇ، 1949 ـ يىلنىڭ باشلىرىدا شۇ چاغدىكى خوتەننىڭ قورچاق ۋالىيسى ئەخمەتتوختى ئەلەم ئۇنىڭ «ۋىجدانسىزلار» دېگەن شېئىرىدىن غەزەپلىنىپ، «مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ ھاجىنى چوماقلاپ ئۆلتۈرۈڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرۈپ 550 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب، يازمىلىرىنى بۇلاپ ئەپقېچىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن ھەم شائىرنى تۈرمىگە سولىغان.

مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ ھاجىنىڭ ئىجادىي ھاياتى پەقەت ئازادلىقتىن كېيىنلا ئۆز باھارىنى تېپىپ، ئۇنى يېڭىۋاشتىن قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۆز خەلقىنى، ئازاد زامانىنى كۈيلەشكە رىغبەت بەردى. ئۇ 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا چوڭ ھەجىملىك «تارىخىي ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن» دېگەن تارىخىي كىتابىنى نەزمىلەشتۈرۈپ رەتلەپ چىقتى. شائىر ئەمدىلا قانات پەيلىرىنى تۈزەپ ئىجاد كۆكىدە پەرۋاز قىلماي دەپ تۇرۇشىغا بىردەملىك قوترىغان سول سىياسەت ئۇنى يەنە ھەپسىگە سولاپ، شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلدى. پارتىيە 11 ـ قۇرۇلتاي 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجى تۈرمە ۋە سۈرگۈن ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، نىجاتلىققا ئېرىشىپ، يەنە قولىغا قەلەم ئالاي دېگەندە ئۇنىڭ يېشى 80 گە يېقىنلاپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ روھىنى ئۇرغۇتۇپ دەۋر روھىنى ئەكس

ئەتتۇرىدىغان خېلى كۆپ شېئىرلارنى يېزىپ ژۇرناللىرىمىزدا ۋە باشقا نەشرىياتلاردا ئېلان قىلدى. يەنە ئېسىدە قالغان ۋە دوستلىرى ساقلاپ كەلگەن ئەسەرلىرىنى يىغىپ، دىۋان قىلىپ چىقتى. مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجىم تاكى ئاخىرقى تىنىقىغىچە قەلەمنى تاشلىماي خوتەننىڭ 1000 يىللىق تارىخىنى يېزىپ ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇپ كەتتى. مەرھۇم 1997 - يىلى - ئاينىڭ - كۈنى نەپەستىن قالغۇچە توختاۋسىز ئىجاد قىلىپ، ئۆز قەلەمداشلىرىغا ئىجادىي ئەمگەكتىكى ھارماس روھىنى، ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادىسىنى، ئەدەبىياتقا بولغان چەكسىز ئىشتىياق مۇھەببىتىنى مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. بەگ ھاجىمنىڭ بۇ روھى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

— تەھرىر بۆلۈم

مۇھەممەت تەشنائى

# ياش تۆكمەكتە خوتەن تارىخى...

(پېشقەدەم تارىخچى، شائىر مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجىمنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ)

1

نېمە بولدۇم، كەيپىم باشقىچە،
ئېچىشىدۇ يۈرىكىم ئەجەب.
كۆك ئاسماندىن تۆكۈلدى يامغۇر،
قارا قۇرۇم قالدىغۇ پەسلەپ.

پىغان بىلەن تولغىنىپ ئاقار،
ئانا دەريا — يۈرۈڭقاش سۈيى.
كۆكتە قۇشلار قىلمايدۇ پەرۋاز،
نەلەرگىدۇ يوقالدى كۈيى...

ئىلچى غەمگە پاتتى مۇشۇ تاپ،
قايغۇ ئاقار «گۈلباغ» دا بۈگۈن.
كۆڭۈللەردە ھەسرەت بۇقۇلدار،
ئالماشقاندەك كۈندۈز بىلەن تۈن...

2

ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندىم،
شۇم خەۋەردىن كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ.
خوشلاشمايلا كېتىپسەن بوۋا،
ئەسلى كۆڭلۈم قاپتىكەن تۇيۇپ.

كەمتەر خۇلقۇڭ، نۇرلۇق چىرايىڭ،
ھازىرقىدەك ئېسىمدە تېخى.
ھۆرمەت بىلەن كۆرۈشكەن نەچچە،
ئۇزۇق ئېلىپ ئىجادىم بېغى.

تاشلىمىدىڭ، شۇ ياشقا كېلىپ،
قەلىمىڭنى، ئىزلار ئاختۇرۇپ.
يەڭگىل تىلدا نەزمىلەر تۈزدۈڭ،
تەپەككۇرنى ئەركىن چاپتۇرۇپ.

ھالال ياشاپ ئۆتتۈڭ بىر ئۆمۈر،
تاغدەك قىسمەت كەلسىمۇ باشقا.
ئىجادىڭدىن تاپتىڭ خۇشاللىق،
ئۈلگە بولۇپ ئەۋلادقا، ياشقا...

3

بۈگۈن مانا قارىلىق تۇتۇپ،
ياش تۆكمىدۇ «خوتەن تارىخى»①
ياش تۆكمەن مەنمۇ ئاھ ئۇرۇپ،
كاج تەقدىرنىڭ كەلگەچ تارلىقى.

قەبرەڭدە ئاھ، تۇردۇم سۈكۈتتە،
يۈرىكىمدىن تۆكۈلۈپ ئۈنچە.
نېمە ئامال، پەقەت دۇئاغا،
قول كۆتۈردۈم مۇڭلىنىپ شۇنچە.

تىنچقىنا ياتقىن جان بوۋا،
قەلىمىڭنى ئالدىم قولۇمغا.
ئىزىڭ بېسىپ، خەلقىم دەپ مەنمۇ،
نۇر تۆكمەن ماڭغان يولۇمغا.

1998 - يىلى 2 - ماي، خوتەن

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

---

① ئاپتورنىڭ «تارىخى ۋەتەن، ۋە قائىتى خوتەن» ناملىق ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مۇھەممەد كېرىم ئىسمائىل

# كىچىككىنە بىر ھەقىقەت

(مەرھۇم مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجىمنىڭ ھاياتى ۋە ۋاپاتىدىن ھېس قىلغانلىرىم)

ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئېڭى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ــ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئىدى. ئۇ ياڭ زېڭشىن دەۋرىنىمۇ، جىن شۇرېن دەۋرىنىمۇ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ دەۋرلىرىنىمۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ خەلق بىلەن بىللە كۈلگەن، بىللە يىغلىغان. «بەگ» ئەۋلادى، باينىڭ ئوغلى بولغانلىقى ــ يەنە كېلىپ شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن «گىمزەندە» بولۇپ، ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىغا سۆرگۈن قىلىنغان. دېمەك، ئۇنىڭ خۇسۇسىي تەرجىمىھالىمۇ خۇددى «تارىخىي ۋەتەن، ۋاقىئەتى خوتەن» دەك بىر ئېچىنىشلىق داستان . . .

مەن بۇ مويسىپىت شائىر بىلەن پەقەت 37 يىللا زامانداش بولدۇم. 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن ئايدا ـ يىلدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدىم. مەن كۆرگەن، مەن بىلگەن بۇ زات مۇلايىم ھەم كەمتەر ــ ياخشى پەزىلەتلىك ئادەم ئىدى. ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد بەگ ـ ئەمەلدار بولغان. مال ـ دۇنيالىرىمۇ، يەر ـ زېمىنلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان. ئەمما، نۆۋەت مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجىمغا كەلگەندە ــ زامان ئۇنىڭغا تەتۈر قارىدى. بولۇپمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى بىر قانچە يىل ــ ئۇنىڭ ئاجايىپ غۇربەتلىك كۈنلىرى ئىدى.

1996 ـ يىلى ئەتىيازدا، دوستۇم ئابدۇقەييۇم ئىمىنىنىڭ تەلىپى بىلەن ئارخىپ ئېلىۋېلىش مەقسىتىدە تېلېكامىرا ۋە فوتو ئاپپاراتلارنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردۇق. مېنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەسىراتىم مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن بارغان بۇ ئۆي قاندۇقتۇ «بەگ» ياكى «ھاجىم» نىڭ ئۆيى ئەمەس ئىدى!

مەرھۇم ئۇ چاغدا كېسەل بولۇپ يېتىپتىكەن. قىزى زەرىبىنىساخان يىغلاپ تۇرۇپ:

ــ دادام كېسەل بولۇپ قالغىلى ئۈچ ـ تۆت يىل بولدى، دادامنى داۋالىتىمىز دەپ بارلىق بىساتىمىزدىن ئايرىلدۇق. ئاپتونوم رايوننىڭ قايسى بىر ئاممىۋى تەشكىلاتى دادامغا ئايدا ئاز تولا قۇتقۇزۇش پۇلى ئەۋەتىپ تۇراتتى. بەر يىلچە بولدى ــ بۇمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇن ـ ياغ، ئوتۇن ـ كۆمۈر ئالغىلىمۇ پۇل يوق. يېزىدىكى تۇغقانلىرىمىز ئانچە ـ مۇنچە بىر نەرسە ئالغاچ كېلىپ، شۇنىڭ بىلەن جېنىمىزنى بېقىۋاتىمىز . . . ــ دېدى.

مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ ھاجىم ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بىز بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ روھىــي ھالىتىدىن، چىراي تۇرقىدىن غۇربەتچىلىكنىڭ ئۈمىدسىز چۈشكۈنلۈكلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغۋارلىق، ئۈمىدۋارلىق، مەردانىلىك ئالامەتلىرى جىلۋە قىلاتتى. مەرھۇم ئاشۇ كۈنلەردىمۇ رازىدەك، ئۆزىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقىغا باشقا ئارمانى يوقتەك بىــخرامان، خۇشخۇي، خۇشچاقچاق ئولتۇراتتى . . . ئۇ بىزگە يېقىنقى كۈنلەردە كېسەللىكتىن زېرىكىپ يېزىپ چىققان بىر نەچچە پارچە ئەسىرىنىمۇ كۆرسەتتى.

1997 ـ يىلى مەرھۇمنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، ئائىلىسىدىكىلەر تۇرمۇشتا چىقىش يولــى تاپالمىغاندا، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ئىئانە ئۇيۇشتۇردى. دەل شۇ چاغدا بىر ئەرباب:

ــ يازغۇچى، شائىر بولغۇچە، بىرەر ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىنىپ پۇل تاپقان ياخشىكەن . . . ــ دېدى. بۇ گەپ مېنىڭ غۇرۇرۇمغا تەگدى. مەن كۆڭلۈمدە شۇنداق دېدىم: ھەر قانداق ھۈنەر ـ كەسىپنى شاگىرت بولۇپ ئۆگىنىشنىڭ مۇمكىن، ئەمما شائىر، يازغۇچىلىقنى سەن مەڭگۈ ئۆگىنەلمەيسەن، شائىر، يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن، سەندە ئاشۇنداق قۇربان بېرىش، بېغىشلاش روھى بولغاندىن باشقا، يەنەچىدام- جاسارەت، سەۋر ـ تاقەت، قورقماس يۈرەك ھەم ۋەتەن ـ ئەلگە مېھىر ـ مۇھەببەت بولۇشى كېرەك. سەن پەقەت پۇل ئۈچۈنلا ياشايسەن. يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە پۇل تۆلەپمۇ ئېرىشەلمەيسەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەن پۇل ـ مىلىيۇندىن ئايرىلغاندا، مەنىۋى نامراتلىقنىڭ ماددىي نامراتلىقتىنمۇ بەك ئېغىر ئىكەنلىكىنى، ئۆزۈڭنىڭ تەكرار ـ تەكرار ئۆلۈۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىسەن! . . .

شۇنداق، بەزى كىشىلەر بۇ ھەقىقەتنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەيدۇ. لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىش لازىمكى، سەن ئۆلگەندىن كېيىن، پانىي ئالەمگە يادىكار بولۇپ قالىدىغىنى، مىراس بولۇپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يادلىنىدىغىنى ــ سېنىڭ مەنىۋى بايلىقىڭدۇر. بەگ ھاجىمنىڭ ھاياتىدىن، ۋاپاتىدىن مەن ئاشۇ ھېكمەتنى چۈشەندىم.

1998 ـ يىل 3 ـ ماي خوتەن

تەھرىرى: *تۇرسۇنجان مۇھەممەت*

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

# ئاتاقلىق شائىر، ژۇرنالىست مەتتۇرسۇن باھاۋىدىنغا تەزىيە بىلدۈرىمىز



جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 7 ـ، 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە نەشرىياتچىلىق سېپىدە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇتەخەسسىس يولداش مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ 8 ـ قېتىملىق 1 ـ سانلىق يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقاندا جىددىي زىققا كېسىلى قوزغىلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي 1998 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كەچ سائەت يەتتىدە ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

يولداش مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن 1946 ـ يىل 5 ـ ئايدا خوتەن شەھىرىدە بىر ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1952 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1956 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە خوتەن شەھىرىدە تۇردى داموللامنىڭ دىنىي مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1956ـ يىل 8ـ ئايدىن1958 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە خوتەن ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 1958 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1961 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1961 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1972 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە خوتەن ناھىيىسىنىڭ قىزىلىيۇلتۇز، شورباغ، باغچى قاتارلىق يېزىلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1972 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1976ـ يىل7ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1976ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1985 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1986 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى «بۇلاق» تەھرىر ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان. 1988 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىغا ئەزا بولغان. 1988 ـ يىل 4 ـ ئايدا كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1990 ـ يىل 7 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيەت تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1992 ـ يىل 3 ـ ئايدا «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان.

يولداش مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن كۆپ يىللاردىن بېرى ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئۆزىدە مول بىلىم ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغاندىن سىرت، «غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر»، «بايرام تەنتەنىسى»، «مۇھەببەت لىرىكىلىرى» قاتارلىق كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن ۋە نەشرگە تەييارلىغان «چاغاتايچە لۇغەت»، «نىزارى داستانلىرى»، «باياز (1)»، «شەھنامەئى تۈركىي» قاتارلىق كىتابلار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزى نەشرگە تەييارلىغان «ئەجدادلار نەسىھىتى»، «پەرھاد ۋە شېرىن»، «دىۋانى ئەرشى»، «دىۋانى نەۋبەتى»، «نىزارى لىرىكىلىرى»، «لىسانۇت ـ تەير» قاتارلىق كىتابلار مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ، كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

يولداش مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن ئۆزىنىڭ مول ئىلمىي مېھنىتى بىلەن پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ قەدىرلىشىگە، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. 1980 ـ يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىگە ئەزا بولغان، 1994 ـ يىل 3 ـ ئايدا بۇ جەمئىيەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان. ئۇ يەنە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى بولغان.

يولداش مەتتۇرسۇن باھاۋىدىن كلاسسىك مەدەنىي مىراسلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىگە ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى ۋە ھاياتىنى سەرپ قىلىپ ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا بىر يوقىتىش بولدى. مەرھۇمنىڭ نامى ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن بىللە خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. تۆۋەندە مەرھۇمنىڭ ھايات چېغىدا يازغان ئىككى غەزىلىنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلدۇق.

20 ـ ئاپرېل

ـــ تەھرىر بۆلۈم

## ئىككى شېئىر

### مەن باراي

ئەي بۇرادەر، ئەل ئۈچۈن جەۋرۇ ـ جاپاغا مەن باراي،
ئەلگە دەپ مىڭ جان پىدا، ئەھدۇ ۋاپاغا مەن باراي.

ئەلگە گەر يەتسە مۇشەققەت ياكى بىر دەردۇ ئەلەم،
دەردىگە دەرمان بولۇپ، شۇ دەم داۋاغا مەن باراي.
بەختىيار، باغرى پۈتۈنلەر ئوينىسۇن ئىشرەت قۇرۇپ،
مۇڭلىغا مۇڭداش بولۇپ، باغرى ياراغا مەن باراي.
گۈل ئۈزۈپ مېھرىم بېغىنىڭ گۈلىدىن باغلاپ چىمەن،
نەدە بولسا بىر غېرىب، بىر بىناۋاغا مەن باراي،
مەيلى بولسۇن جاڭگىلى مازەندىران، تەكلى ماكان،
ئەل زۆرۈر تاپسا ئەگەر تەھتىس ـ سىراغا مەن باراي.
مەيلىغۇ، جەندە ـ كۇلاھ كىيسەممۇ مەن ئەل يولىدا،
«ئەل ئامان بولسۇن!» دېگەن بىر مۇددىئاغا مەن باراي.
دەرد قالاركەن كۆي بولۇپ، دەردمەن كېتەركەن ئاھ ئۇرۇپ،
دەردمەن ئەرزىنى ئېلىپ قادىر خۇداغا مەن باراي.
1995 ـ يىل 16 ـ دېكابىر

## ئارمانىم مېنىڭ

ئۆتتى غەمسىز بالىلىق دەۋرىم — شۇ دەۋرانىم مېنىڭ،
ياندى بىر پەس بەرق ئۇرۇپ، ئۆچتى ئۇ گۈلخانىم مېنىڭ.
ئەركە تايدەك شوخ ئىدىم، ئۆركەشلىگەن دەريا ئىدىم،
تاڭغا نۇر چاچقان ئىدى كۆكلەردە چولپانىم مېنىڭ.
ئاق- ئۆرۈكتەك شوخ چېچەك ئاچقان ئىدىم كۆكلەم چېغى،
ئۆتتى كۆكلەم، ئاق چېچەك تۆكتى گۈلىستانىم مېنىڭ.
چۆچەك ئېيتاتتى مېنى ئەللەي ئېتىپ جانىم ئانام،
بەختىيارلىق ئىچرە ئۆتكەن ھەر شەبىستانىم مېنىڭ.
يورغايلىلار ھېچ تۇتۇق بەرمەي ئۆتۈپ كەتتى، دەرىخ،
قومغا سىڭگەن تامچىدەك ئۆتتى ئاشۇ ئانىم مېنىڭ.
ئاھ، ئاشۇ غەمسىز دەۋر قايتىپ يەنە كەلسە ئىدى،
گۈللىسە بىر پەسكە دەيمەن ئۆمرى بوستانىم مېنىڭ.
كەتتى ئۆمرۈمنىڭ گۈزەل بىر پارچىسى ئەمدى ئۈزاپ،
ۋادەرىخا، قالدى مىسكىن دىلدا ئارمانىم مېنىڭ.
1995 ـ يىل 4 ـ دېكابىر

تەھرىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئابدۇرېھىم ئېلى

## ئۈنتۈلماس دوستلۇق

(مەرسىيە)

دوست ئىدۇق نەۋقىران چاغلاردىن،
تا باشقا قىرووۋلار قونغىچە.
دوست ئىدۇق، چىڭ ئىدى رىشتىمىز،
شۇم ئەجەل قولىنى سۇنغىچە.

دوست ئىدۇق نان تاپساق پوچۇقلاپ،
تەڭمۇ تەڭ بولۇشۇپ يەيدىغان.
دوست ئىدۇق بىر ئېغىز قالدۇرماي،
كۆڭۈلدە بارىنى دەيدىغان.

تەقدىرنىڭ قىسمىتى تۇپەيلى،
دوستلىرىڭ سېنىڭدىن ئايرىلدى.
شۇڭقارىڭ پەر قانات كۆكتىكى،
ۋاقىتسىز قاناتىڭ قايرىلدى.

سېنىڭدىن ئايرىلىپ جۇدالىق ـ
ئىلكىدە يۈرەكلەر ئېزىلدى.
دوستلۇقنا سادىقسەن، قەلبلەر ـ
تورىگە شۇ نامىڭ يېزىلدى.

تەلك ئىدىڭ ئىلىم ـ پەن كۆكىدە،
نۇرانە چاقنىغان يۇلتۇزغا.
تەلك ئىدىڭ ۋىجداندا، غۇرۇردا،
گوياكى ئەجدادىم ئوغۇزغا.

سەن ئىدىڭ «بۇلاق» قا پەرۋىشچى،
زىلال سۇ زەمزەملەر ئاققۇزغان.
سەن ئىدىڭ كۆمۈلگەن ئەجدادلار،
ئىزىدىن گۆھەرلەر تاپقۇزغان.
مەڭگۈگە.
بىز ئۈچۈن ھاياتسەن، ئۆلمەيسەن،
نامىڭنى دىللاردا ساقلايمىز.
خاتىرجەم ياتقىنسەن، ئىزىڭدىن ـ
ئىز بېسىپ ئەھدىڭنى ئاقلايمىز.

1998 ـ يىل 4 ـ ئاپرېل

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

ئابدۇغېنى سىيىت

# ھىجران يامغۇرى

مەرھۇم مەتتۇرسۇن باھاۋدىنغا مەرسىيە

خۇش خەۋەرمۇ، ئاھ شۇم خەۋەرمۇ،
تارايدىكەن ئېغىز، قۇلاقتىن.
ئايەم كۈنى ئالدىم شۇم خەۋەر،
ئۇرۇمچىدىن (بىزگە ئۇزاقتىن).

سوراپ كەتتىم ئۇجۇر، بۇجۇرلەپ،
نېمە ئىكەن سەۋەب، كېسىلى.
دېدى بىرسى: زىققا تۇتۇپلا،
توختاپتۇدەك، يۈرەك، تىنىقى.

ئاشۇ ئايەم بولمىدى ئايەم،
نېمە يېسەم تاش چايىنىغاندەك.
ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىدى ئازاب،
يۈرىكىمدە دەرد قايىنىغاندەك.

ئاۋۇمىدى قەدىمىم ـ يولۇم،
مۇجۇپ ـ مۇجۇپ قەلبىمنى ھەسرەت.
ئەزرائىلنىڭ تىزىملىكىدە،
سېنىڭمىدى بالدۇرلا نۆۋەت.

شائىر دوستۇم، ئاھ بۇرادىرىم،
ئالبوملاردىن ئىزدىدىم سېنى.
سېنتەبىردە بولغانتۇق لوپتا،
دەرخ، داغدا قويدۇڭغۇ مېنى.

ھازا تۇتتى ئاھ، يىپەك يۇرتى،
بەش قولى گۈل سەن ئوغلانىغا.
مۇسىبەتتە «گۈجان دەرۋازا»،
لەۋلەر تىترەر، دىللاردا يىغا.

ھازا تۇتتى ئىلچى، يۈرۈڭقاش،
دەردتە قاشتاش دۇغلاندى گويا.
قېۋرال ئېيى سۇلدى ئۆيۈمدە،
تەشتەكتىكى يومران گۈل ـ گىياھ.

قاقشار داغدا ئەنە جۈرەڭ زار،
زار قاقشايدۇ شۇ بۇدرۇق ئوغۇل.
ئۇلغايتىدۇ ھازا قىزنىڭمۇ،
تىترەر تاۋۇت ئۈچلاپ ماڭغان قول.

باقتىم ھەريان قەلبىم كۆزىدە،
«تارىم»، «بۇلاق» سۇكۇتتەجىمجىت.
ئاق باغلىغان «پەرھاد ـ شېرىن»،
«لەيلى ـ مەجنۇن» قاقشار تىلىقىپ.

ھازا تۇتتى «دىۋان، لۇغەت» لەر،
توختىغاندەك ئۇقچىغان «بۇلاق».
كەلمىسىدى دېيمەن شۇم خەۋەر،
(يارالغانىكەن ئاڭلاشقا قولاق).

تاۋۇتىڭنىڭ كەينىدە سەپ ـ سەپ،
سەن تۈزگەن شۇ كىتاب، ئوقۇشلۇق.
سەن كەتتىڭغۇ، ئەدىبلەر ئارا،
قاچان تولار بۇ يوچۇق، بوشلۇق.

ئەلۋىدا ئەي قابىل، تالانت،
ئەلۋىدا، ئەي ياش كەتكەن غايە.
ساپ ئەجرىڭدىن ياسىغان باغلار،
ئاھ، بېشىڭغا تاشلىغاي سايە.

1998 ـ يىل 1ـ ماي، خوتەن

تەھرىرى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com

# بىننى ئابدۇغوپۇر موللانىيازى ۋە ئۇنىڭ «قىسسەسۇل غەرايىپ» ناملىق كىتابى

خوتەن ئېلى ئۆز باغرىدا كۆپلىگەن ئالىم - ئۆلىمالارنى، نامى جاھانغا پۇر ئەدىب، تارىخچىلارنى، ھېكىم تېۋىپلارنى، مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى . . . يېتىشتۈرگەن مەرىپەت ئوچاقلىرىدىن بىرى. خوتەن ئاسمىنىدا گويا چولپاندەك پارلاپ نۇر چاچقان ئاتاقلىق قەلەم ساھىپلىرىنىڭ بىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلىگەن بىننى ئابدۇغوپۇر نىيازى ئۆز ۋەتىنىگە، ئەۋلادلىرىغا ئاجايىپ يارقىن ۋەسىقىلارنى قالدۇرۇپ ئۆتكەن شائىر ۋە تارىخچىدۇر.

موللا نىياز مىلادى 1777 - يىلى خوتەندە تۇغۇلغان بولۇپ، 20 ياشلىرىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە فېئودالىزمغا قارشى روھ جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆمرىدە كۆپلىگەن نەزمە، تارىخ، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئائىت ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن 2080 مىسرالىق تارىخى داستانى «تەزكىرەئى ئىمام زەبىبۇللا»، «ئەرزنامە» قاتارلىق شېئىرى ئەسەرلىرى ۋە «قىسسەسۇل غەرايىپ» ناملىق تارىخى ئەسەرلىرى بار.

شائىرنىڭ «قىسسەسۇل غەرايىپ» ناملىق بۇ ئەسىرى ئەينى زاماندا خوتەن خانى ئابدۇل ئەزىز بەگنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يېزىلغان بولۇپ 1 - قىسىمدا، نوھ ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ، چىڭگىزخانغىچە، 2 - قىسىمدا، چىڭگىزخاننىڭ ئەسلى نەسەبى، تۇغۇلۇشى ۋە جەڭ قىرغىنچىلىقلىرى، 3 - قىسىمدا، ھومايون پادىشاھنىڭ نەسەبى توغرىسىدىكى ۋەقەلەر، قىسسەلەر، رىۋايەتلەر بايان قىلىنىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ ئەسلى قول يازمىسى گوڭجۇ ئۆلكىلىك كىتابخانىدا ساقلانغان بولۇپ، بەزى جايلىرى يىرتىلىپ پەرسۇدە بولغان. بەزى جايلىرى ئۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، ئوقۇش مۇمكىن ئەمەس.

1994 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمىي ئەسەرلەرنى رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى بۇ كىتابنى ئىچكى قىسىمدا بېسىپ تارقاتتى. بىز ئاپتورنى ۋە مەزكۇر كىتابنى تونۇشتۇرۇش يۈزىسىدىنلا كىتابنىڭ 6 - بابىدىن «پاراسەت ئىگىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىرى ۋە نازاكەتلىك كىشىلەر توغرىسىدا» دېگەن قىسمى بىلەن ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلدۇق.

— تەھرىر بۆلۈم

## پاراسەت ئىگىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىرى ۋە نازاكەتلىك كىشىلەر توغرىسىدا

بەزى تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلىشىچە، نىزارىبىن مۇئەددىن ئەدنان دېگەن كىشىنىڭ ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى نەسىر، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى رەبىئە، ئۈچىنچىسىنىڭ

**كلاسسىك ئەدەبىياتتىن**

ئىسمى ئەياد ئىدى. بۇلار ئۈچىلىسى تۇغۇلۇشىدىنلا ناھايىتى زېرەك بولۇپ، تەڭرىگە بولغان ئېتىقادى كۈچلۈك ۋە بىرەر ئىشنى مۆلچەرلەشتە تەڭداشسىز ئىدى.

بىر كۈنى بۇ باللارنىڭ ئاتىسى بەخت ـ ئىقبالنىڭ چولپان يۇلتۇزلىرى بىلەن سودىگەرچىلىك يولىغا كىرسە، بۇ ئارقىلىق ئىززەت ـ ئابرۇيى ۋە ئەقىل ـ پاراستى تېخىمۇ ئۆسىدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇ ئوغۇللىرىغا مېھرىبانلىق بىلەن تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ ئۆز مەقسىتىنى ئاشكارىلىدى:

سەھەر بىرلە زەمىن ئەرسەسىغە ئەيلە نەزەر،
مۇڭا نەيەتتى سىكۈندىن ئاڭا نەبەردى سەقەر.
سەفەردۇر ئەرگە مۇرەببىي ئاستانەئى جاھ،
سەفەر خەزانەئى دۇنيادۇر، ئۇستاد ھۈنەر.
دەرەخىت ئەگەر ھەرىكەت قىلسە ئېردى جايىدىن،
نەئەررە جەۋرى يېتەر ئېردى، نەجەفايى تەبەر.

بۇ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئاتىسىنىڭ تەلىپى بويىچە سەپەرگە چىقتى. ئۇلار شەھەرمۇ شەھەر سەيىر ـ ساياھەت قىلغاچ، دوست ـ بۇرادەرلەر بىلەن ئالاقە ئورناتتى. ئىجتىھاتلىق، ئالىيجاناب كىشىلەر بىلەن ۋە ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزەتتى.

بۇ جاھانكەشتىلىك ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ ھادىسىلەرگە يولۇقۇپ تۇرغاچقا، كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى ئېشىپ باراتتى. ھەر بىر تەبىقە ۋە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ باراتتى.

بىر كۈنى ئۇلار يولدا بىر تۆگىچىگە ئۇچراپ قالدى. تۆگىچى ئۇلاردىن:

— بىر تۆگەم يوقاپ كەتتى. سىلەرگە ئۇچرىمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. بۇ چاغدا باللارنىڭ چوڭى نەسىر:

— يوقالغان تۆگىڭىزنىڭ بىر كۆزى قارىغۇمىدى؟ — دەپ سورىدى. تۆگىچى:

— شۇنداق، بىر كۆزى كۆرمەيتتى، — دېدى. ئاندىن كېيىن رەبىئە:

— تۆگىنىڭ بىر چىشى سۇنۇقمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— بىر پۇتى ئاخساقمىدى؟ — دەپ سورىدى ئەياد.

— ھەئە، بىر چىشى سۇنۇق، بىر پۇتى ئاخساق ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى تۆگىچى.

ئۇلار:

— بىز كەلگەن يول بىلەن ماڭساڭ بەلكىم تۆگەڭ تېپىلىپ قالار، — دېيىشتى. تۆگىچى تۆگىسىنى ئىزدەپ باللار كەلگەن تەرەپكە كېتىپ قالدى. بۇ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىمۇ ئۆز سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى.

تۆگىچى باللارنىڭ دېگىنى بويىچە ھېلىقى يولنى ۋە پۈتۈن ئەتراپىنى خېلىلا ئىزدىگەن بولسىمۇ، تۆگىدىن ھېچقانداق نىشان بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەينىگەيېنىپ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنىڭ كەينىدىن يېتىپ باردى، ۋە تۆگىسىنى يەنە سورىدى. ئۇلاردىن بىرى:

— تۆگىنىڭ بىر تەرىپىگە ياغ ، بىر تەرىپىگە ھەسەل ئارتىلغانمىدى؟— دەپ سورىدى.

تۆگىچى:

— شۇنداق، — دېدى. يەنە بىرى:

— تۆگىگە ئايال كىشى مىنىكلىكمىدى؟ — دەپ سورىدى. يەنە بىرى:

— ئۇ ئايال ھامىلىدارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— سورىغان سوئاللىرىڭلارنىڭ ھەممىسى راست، قىلچە خاتالىق يوق. دېمەك، تۆگە سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈپتۇ. تۆگەمنى دەرھال قايتۇرۇپ بېرىڭلار، — دەپ يېپىشتى.

ئۇلار:

— بىز تۆگىڭىزنى پەقەت كۆرمىدۇق، ھەتتا خەۋىرىنىمۇ ئاڭلىمىدۇق،— دەپ قەسەم قىلىشتى.

ئەلقىسسە، بۇلار تالاش - تارتىش قىلىشىپ ئاخىرى بەھرامنىڭ ھاكىمى ئەفەندى خەزىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بولغان ۋەقەنى ئۆز ئەينى بويىچە بايان قىلىشتى. بۇنى ئاڭلىغان ھاكىم «تۆگىنى مۇشۇ باللار ئېلىۋالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇلارنى قاماپ قويدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، باشقا بىر ئادەم ھېلىقى يوقالغان تۆگىنىڭ خەۋىرىنى تۆگىچىگە يەتكۈزدى. بۇ خەۋەر بويىچە تۆگىسىنى ئىزدەپ تۆگىنى تېپىۋالغان تۆگىچى بۇ ئەھۋالنى ھاكىمغا مەلۇم قىلدى. ھاكىم بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكىنىڭ پاك ۋە بىگۇناھلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇلارنى قاماقتىن چىقىرىپ، ئۆزرە ئېيتتى. بۇ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ پېشانىلىرىدىن ئۇلۇغلۇق ۋە پاكلىق ئاشكارا بولۇپ تۇراتتى. ھاكىم ئۇلارغا دائىم كۆڭۈل بولۇپ تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلگەچكە، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يېقىن جايغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ھەمىشە ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى ھاكىم بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكا بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ:

— ھېلىقى تۆگىچىنىڭ تۆگىسىنى كۆرمىگىنىڭلار مۇقىملاشتى. ئەمما سىلەر ئېيتقان بەلگىلەرنىڭ ھەممىسى راست چىقتى. كۆرمىگەن تۆگىلەرنىڭ ئەھۋالىنى قانداق بىلىۋالغانلىقىڭلارنى ئېيتىپ بەرسەڭلار. ئاڭلاپ باقاي، — دېدى. نەسىر:

— مەن يولدا كېلىۋېتىپ، يولدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ بىر تەرىپىدىكىسىنى تۆگە يەپتۇ، يەنە بىر تەرىپىگە تەگمەپتۇ. بۇنىڭدىن تۆگىنىڭ بىر كۆزى قارىغۇ ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دېدى. ئاندىن رەبىئە:

— مەن ئوت - چۆپنى چىش بىلەن ئۈزگەن چاغدا، بىر چىش ئورنى يەردىكى چۆپنى ئۈزەلمىگەنلىكىگە دىققەت قىلدىم. شۇنىڭدىن تۆگىنىڭ بىر چىشى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دېدى. ئەياد:

— مەن ئۇ تۆگىنىڭ ئىزىنى كۆردۈم. قارىسام بىر پۇتىنى سۆرەپ مېڭىپتۇ. بۇنىڭدىن تۆگىنىڭ ئاخساق ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دېدى. نەسىر يەنە:

— تۆگىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن يەرگە بىر نەرسە تېمىپتۇ. بىر تەرەپكە تامغان نەرسىگە چۈمۈلە يىغىلىۋاپتۇ. بۇنىڭغا قاراپ تامغان نەرسىنىڭ ياغ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. يەنە بىر تەرەپكە تامغان نەرسىگە چىۋىنلەر ئولىشىۋاپتۇ. بۇنىڭدىن ھەسەل ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دېدى.

— تۆگىگە مىنگەن ئادەمنىڭ بىر جايدا تۆگىدىن چۈشكەن ئىزى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىزىنىڭ ئەتراپىدىن بىر تۇتام گىياھنى يۇلۇۋېلىپ پۇراپ باقسام، ئاياللاردا بولىدىغان بىر خىل پۇراقنىڭ ھىدى كەلدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دېدى رەبىئە.

— تۆگە مىنگەن ئادەم تۆگىدىن چۈشكەن يېرىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرىدىغان چاغدا ئىككى قولى بىلەن يەرگە تايىنىپ قوپۇپتۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئۇ ئايالنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى بىلدىم، — دېدى ئەياد.

بۇلارنىڭ بۇ دەلىل - ئىسپاتلىرىغا ھاكىم قايىل بولدى ۋە ئۇلارغا كۆپتىن - كۆپ ئىززەت - ئىكراملار قىلدى. ئۇ ھەمىشە ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن خۇشاللىناتتى. ئۇلارغا ھەدىيە، سوۋغا - سالاملار ئەۋەتىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى، ھاكىم بىر پاقلاننى كاۋاپ قىلدۇرۇپ، بىر قاچا شاراب بىلەن ئۇلارغا ئەۋەتتى ۋە ئۇلارنى ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشسۇن، دەپ ئۆزى ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرمىدى. ئەمما تامنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدى. بۇ ئۈچەيلەن ھاكىمنىڭ ئۆيەردە ئولتۇرغىنىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇلار شارابنىڭ كەيپىدە قىزىق پاراڭغا چۈشتى. ئۇلاردىن بىرى:

— بۇ شارابنى ياسىغان ئۈزۈمگە ئادەمنىڭ قېنىنى كۈچ قىلىپ بەرگەنىكەن، — دېدى. يەنە بىرى:

— بۇ پاقلان ئىتنىڭ سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغانىكەن، — دېدى. يەنە بىرى:

— بۇ ھاكىم نەدىمۇ شاھ ياكى شاھزادە بولسۇن، بۇ شەكسىز بىر ئاشپەزنىڭ بالىسىدۇر، — دېدى. ھاكىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەسرەت ۋە ئەلەم چەكتى. بۇ يىگىتلەرنىڭ ئەقىل ئىدراكىدىن ھەيران قالدى. شۇڭا ئۇ دەرھال باغۋەننى چاقىرتتى ۋە ئۇنىڭدىن شاراب چىقارغان ئۈزۈم توغرىسىدا سۈرۈشتۈردى. ئۇ ئۈزۈمنىڭ گورۇستانلىقنىڭ ئۈزۈمى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قويچىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭدىن پاقلان توغرىسىدا سورىدى. قويچى:

— بۇ پاقلاننىڭ ئانىسىنى بۆرە يەپ كەتكەنىدى. شۇڭا پاقلاننى ئىتنى ئېمىتىپ باققانىدۇق، — دېدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئىككى تۈرلۈك پەرىزى توغرا بولۇپ چىقتى. ھاكىم تېخىمۇ پاراكەندە بولۇپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كىردى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلى نەسەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇۋالدى. ئانىسى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىشتىن ھەر قانچە باش تارتسىمۇ ھاكىم ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ئاخىرى ئانىسى ئامالسىز ئاشپەز بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىشنى راستى بىلەن ئوغلىغا دەپ بەردى. ھاكىم بۇ سىرلارنى يەشكەندىن كېيىن ھېلىقى دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئۈچ يىگىتنىڭ قېشىغا كەلدى. ھاكىم بىر باھانە تېپىپ ھېلىقى كاۋاپ بىلەن شاراب توغرىسىدا دېيىشكەنلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە ئىقرار بولۇشتىن باشقا ئامال تاپالماي، ھەر قايسىسى ئۆزى دېگەن سۆزنىڭ ئىسپاتىنى بايان قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى:

— شاراب ئىچكەن ئادەم راھەتلىنىپ، خۇشاللىقتا چۆمىدۇ. ئەمما بىز ھېلىقى شارابتىن ئىچكەنىدۇق، غەم - قايغۇدىن باشقا نەتىجە بەرمىدى. بۇنىڭدىن ئۈزۈم تېلىنىڭ ئادەم قېنىدىن پەرۋىش تاپقانلىقىنى بىلدىم، — دېدى. يەنە بىرى:

— پاقلان گۆشىدىن بىر چىشلەم ئاغزىمغا سېلىۋىدىم، ئاغزىم شۆلگەيگە تولدى ۋە پاقلاننىڭ يان ئۇستىخىنىنىڭ بەئەينى ئىتنىڭ ئۇستىخىنىغا ئوخشايدىغانلىقىنى كۆردۈم. بۇنىڭدىن پاقلاننىڭ ئىتنى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقىنى بىلدىم، — دېدى.

ھاكىمنىڭ ئاشپەزنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئۈچىنچى ئوغۇل ناھايىتى خىجالەتچىلىكتە قالغانىدى. ئۇ ھاكىمنىڭ بۇ ئىشقا بەكمۇ قىزىقىدىغانلىقىدىن، بۇ سىرنى ئېيتماي قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

— بىز خېلى ۋاقىتتىن بۇيان سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرۇۋاتىمىز، بۇ جەرياندا سىزنىڭ ئاش - ناندىن باشقا گەپ قىلمىغانلىقىڭىزغا قاراپ، سىزنىڭ ئەسلى نەسەبىڭىزنى ئاشپەز ئىكەن دەپ ئويلىدىم، — دېدى.

ھاكىم بۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇلارغا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ھەدىيە قىلىپ، رازى قىلغاندىن كېيىن يولغا سېلىپ قويىدى.

ھېكايەت: شەيخ ئەبۇئەلى سىنا ئىسپاھان شەھرىدە تۇرۇۋاتقان چاغلار ئىدى. ئىسپاھاننىڭ ھاكىمى ئالائىددەۋلە ئەبۇ جەئفەر كاكۇدىلمى شەيخكە ئىززەت - ئىكراملار بىلەن يېقىنچىلىق قىلاتتى.

بىر كۈنى ھاكىم شەيخكە بىر ئالتۇن كەمەرنى پىچاق قاتارلىق ئەسۋابلىرى بىلەن قوشۇپ ئىنئام قىلدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئالائىددەۋلە ئۇ كەمەرنى ئۆزىنىڭ قاراۋۇللىرىدىن بىرىنىڭ بېلىدە كۆرۈپ قالدى، ۋە بۇ كەمەرنى قەيەردىن ئالغانلىقىنى سورىدى. قاراۋۇل:

— شەيخ ئەبۇ ئەلى بەردى، — دەپ جاۋاب بەردى.

شەيخنىڭ بۇ ئىشى ئالائىددەۋلىگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئۇ قاراۋۇلنىڭ قاتتىق

ئەدىپنى بەردى. شەيخنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئالائىددەۋلىنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى شەيخنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىپ قويدى.

شەيخ دەرھال سوپىلاردەك خۇپىيانە كىيىنىپ، رەي تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ رەي مەملىكىتىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقتى. ئۇ بازارنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، چىرايلىق بىر ياش يىگىتنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ يىغىلىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ يىگىت ئۇلارنىڭ كېسەللىرىگە دورا بۇيرۇۋاتاتتى.

شۇ ئارىدا بىر ئايال قولىدا بوتۇلكا كۆتۈرۈپ كېلىپ يىگىتنىڭ ئالدىدا قويدى. يىگىت ئۇنىڭدىن:

— بۇ بوتۇلكا جوھۇتنىڭكىدەك قىلىدۇ، — دېدى. ئايال:

— ھەئە، شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى. يىگىت يەنە:

— بۇ قاچىنىڭ ئىگىسى بۈگۈن قېتىق ئىچىپتۇ، — دېدى. ئايال يەنە:

— راست، — دېدى. يىگىت:

— سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار شەھەر ئىچىدىكى بىر پەس يەردە ئوخشايدۇ، — دېدى. ئايال:

— شۇنداق، — دېدى.

شەيخ بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ تۇراتتى. ھېلىقى يىگىتنىڭ نەزىرى شەيخكە چۈشتى ۋە:

— سىز شەيخ ئەبۇ ئەلى، — دېدى ئۇ، — ئالائىددەۋلەدىن قېچىپ كەلدىڭىزغۇ دەيمەن؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان شەيخ، تېخىمۇ ھەيران بولۇپ تۇرۇۋېلا قالدى.

يىگىت ئۆز ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، شەيخنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. شەيخنى ئۆيىگە ئاپىرىپ مېھمان قىلىپ ئىززەتلىدى. ئۇلار سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ شەيخ يىگىتتىن:

— ھېلىقى ئايال ئەينەك قاچا كۆتۈرۈپ ئالدىڭىزغا كەلگەندە، ئۇ قاچىنىڭ جوھۇتنىڭ قاچىسى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟ جوھۇتنىڭ قېتىق ئىچكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ شەھەرنىڭ ئىچىدىكى پەس جايدا ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. يىگىت:

— ئۇ ئايالنىڭ قولىدا بىر كۆڭلەك تۇراتتى. قارىسام ئۇ كۆڭلەك جوھۇتنىڭ كۆڭلىكى ئىكەن. ئۇنىڭغا قاراپ بۇ كۆڭلەكنىڭ ئىگىسى ئاغرىق ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم، ھەم ئۇنىڭ جوھۇت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. كۆڭلەكنىڭ بىر نەچچە يېرىگە قېتىق يۇقۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن جوھۇتنىڭ قېتىق ئىچكەنلىكىنى پەملىدىم. بۇ شەھەردە جوھۇتلارنىڭ مەھەللىسى تۆۋەن جايغا جايلاشقان. شۇڭا «سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلار پەس جايدا ئىكەن» دېدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

شەيخ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە سورىدى:

— مېنى سىز ئۆمرىڭىزدە كۆرمىگەنىدىڭىز. ئالائىددەۋلەدىن قېچىپ كەلگىنىمنىمۇ ھېچ ئىنسان بىلمەيتتى. مېنىڭ شەيخ ئىكەنلىكىمنى ۋە ئالائىددەۋلەدىن قېچىپ كەلگىنىمنى نەدىن بىلىۋالدىڭىز؟

— ھەقىقەتەن سىزنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، — دېدى يىگىت، — ئەمما كامالەتكە يەتكەن بىلىملىك ۋە پاراسەتلىك ئىكەنلىكىڭىزنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانىدىم. قارىسام بۇ سۈپەتلەر سىزنىڭ چېھرىڭىزدە ئاشكارا بولۇپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «بۇ ئادەم چوقۇم شەيختىن باشقا ئادەم ئەمەس» دەپ ئويلىدىم. يەنە ئالائىددەۋلەنىڭ سىزگە ناھايىتى ئامراق ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭلىغانىدىم. ئالائىددەۋلەنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆز رازىلىقى بىلەن سىزدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا سىزنى «ئالائىددەۋلەنىڭ قېشىدىن

قېچىپ كەپسىز» دېدىم، — دېدى.

— ھەرقانداق ھاجىتىڭىز بولسا تىلىسىڭىز، مەن ھاجىتىڭىزدىن چىقاي،— دېدى شەيخ يىگىتكە.

— ئالائىددەۋلەنىڭ سىزنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كەتمىگۈچە كۆڭلى تىنمايدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭ قېشىغا كېتىپ قالسىڭىز، مېنىڭ پەم - پاراستىمنى ماختاپ ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىڭ. مەن بۇ ئارقىلىق ئالائىددەۋلەنىڭ ھوزۇرىدا ئۇنىڭ يېقىنى بولۇش مەرتىۋىسىگە يېتىۋالاي، — دېدى يىگىت.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئالائىددەۋلە ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، شەيخكە ئۆزرە ئېيتىپ، كىشى ئەۋەتتى، ۋە شەيخنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلدى. شەيخ ھېلىقى يىگىتنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ باردى. ئۇلار ئالائىددەۋلە بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، شەيخ يىگىتنى ناھايىتى ماختاپ، تەرىپلىگەندىن كېيىن، ئالائىددەۋلە ئۇنى ئۆز يېقىنلىرى قاتارىغا قوشتى.

ھېكايەت: سۇلتان مەھمۇد گۈدەكلىك چاغلىرىدا ئەغزەيىنىن باغلىرىنى سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرۈپ، بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇردى.

خوجە ئەھمەد ھەسەن مەيمەندى سۇلتان بىلەن تەڭتۇش بولۇپ يېقىن دوست ئىدى. بۇ يەرگە سۇلتان مەھمۇد بىللە كەلگەنىدى.

سۇلتان بۇ يەردە ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ يۈرگەنلىكىنى كۆردى، ۋە خوجە ئەھمەدنى چاقىردى. ئۇنىڭدىن:

— ئاۋۇ يۈرگەن كىم؟ — دەپ سورىدى. خوجە:

— ئۇ ياغاچچى، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئىسمى نېمە؟

— ئىسمى ئەھمەد.

— ئۇنى تونۇمسەن؟

— تونىمايمەن، چۈنكى، ئۇ ئادەمنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ ئېتى ئەھمەد ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ياغاچچى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلسەن؟ — دەپ سورىدى سۇلتان مەھمۇد.

— سىز مېنىڭ ئېتىمنى ئاتاپ چاقىرىۋىدىڭىز، بۇ ئادەم جاۋاب بېرىشكە تەمشەلدى. ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئەھمەد ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىم. ئۇ ئادەمگە دىققەت قىلسام، قۇرۇپ قالغان دەرەخلەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ، ئويلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ ئادەمنى ياغاچچىمىكىن، دەپ گۇمان قىلدىم ۋە قۇرۇق دەرەخلەرنىڭ ياغىچىدا بىرەر نەرسە ياساشقا پىلان قىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئۇ ئادەمنى چوقۇم ياغاچچى، دەپ ھۆكۈم قىلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى خوجە.

سۇلتان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئۇ ئادەم بۈگۈن نېمە يەپتۇ؟ مۇشۇنى تاپالىساڭ سېنىڭ ئەقىل - پاراستىڭنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، — دېدى. خوجە ئەھمەد:

— ئۇ ئادەم بۈگۈن يا ھەسەل، ياكى بولمىسا شىرنە يەپتۇ، — دېدى.

سۇلتان مەھمۇد ھېلىقى ئادەمنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا خوجە ئەھمەدنى كۆرسىتىپ:

— بۇ بالىنى تونۇمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بۇ بالىنى تونىمايمەن، كۆرگىنىم شۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئادەم. سۇلتان يەنە:

— ئېتىڭىز نېمە؟ نېمە ھۈنىرىڭىز بار؟ بۈگۈن نېمە يېدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. ئۇ

ئادەم:
ــ مېنىڭ ئېتىم ئەھمەد، ياغاچچىلىق ھۈنىرىم بار، بۈگۈن نان بىلەن ھەسەل يېدىم، ــ دەپ جاۋاب بەردى.
سۇلتان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ۋە خوجە ئەھمەددىن:
ــ بۇ ئادەمنىڭ ھەسەل يېگەنلىكىنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ ئۇ كىشىنىڭ توختىماي لېۋىنى يالاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئەتراپىدىن چىۋىن نېرى بولمىدى. شۇنىڭغا قاراپ ئۇ كىشىنىڭ ھەسەل، ياكى شېرىن بىر نەرسە يېگەنلىكىنى بىلدىم. ــ دەپ جاۋاب بەردى خوجە ئەھمەد.
ھېكايەت: شەرھى مەقامەت ھەرىرىدە بايان قىلىنىشىچە، ئەياس بىن مەئادمىز بەسرىنىڭ قازىسى ئىدى. ئۇ، ئەرەبلەر ئارىسىدا ناھايىتى پاك ۋە پاراسەتلىكتە مەشھۇر ئادەم ئىدى. ئۇ بىر قېتىم مەدىنىگە كېلىپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىدە نامازغا تۇردى. بۇ چاغدا مەدىنىلىك تۆرغۇن جامائەت بۇ مۇبارەك مەسچىتتە ئولتۇرۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قازىنى تونىمايتتى. قازى مەسچىتتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى «بۇ كىشى قازىدەك قىلىدۇ» دېيىشتى. بەزىلەر «مۇئەللىمدەك قىلىدۇ» دېيىشتى. ئاخىرى ئۇلار، ئۇ ئادەمنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئەۋەتتى. ئۇ ئادەم بېرىپ، جامائەتنىڭ ئىچىدە بولغان گەپ ـ سۆزلەرنى قازىغا سۆزلەپ بەردى.
ــ مېنى قازى دېگەنلەر راست ئېيتىپتۇ. مېنى مۇئەللىم دېگەنلەر خاتالىشىپتۇ. ئەمدى سەنمۇ ئاڭلاپ تۇر. مەن ئۇ ئادەملەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ساڭا دەپ بېرەي. گەرچە مەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونىمايمەن. ئەمما ئىلىم ۋە پەم ـ پاراسىتىم بىلەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق دەپ بېرەلەيمەن، ــ دېدى قازى. ئاندىن قازى ھېلىقى كىشىلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى، كەسپى، مىجەز ـ خۇلقىدىن تارتىپ تولۇق ئېيتىپ بەردى، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرىنى ياغاچچى دېدى. ھېلىقى ئادەم:
ــ ھەممىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا دېگەنلىرىڭىز توغرا بولدى. بىراق ھېلىقى كىشى توغرىسىدا خاتا سۆزلەپ قويدىڭىز. چۈنكى، ئۇ ئادەم قورەيش قەبىلىسىنىڭ چوڭى، ئۇنىڭ ياغاچچىلىقتىن خەۋىرى يوق، ــ دېدى.
ــ ئۇ قورەيش قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بولسىمۇ، يەنىلا ياغاچچى ئىكەنلىكى راست، ــ دېدى قازى.
ھېلىقى ئادەم جامائەتنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ: ــ ئۇ كىشى قازى ئىكەن. ئەمما ئاجايىپ تەڭداشسىز ئىكەن. ھەر بىرىڭىزلارنىڭ ئەھۋالىنى شۇنداق توغرا ئېيتىپ بەردىكى، قىل سىغمايدۇ. ئەمما، پالانچى ھەققىدە خاتا سۆزلەپ قويدى. ئۇنى ياغاچچى، دەپ تونۇۋالدى، ــ دەپ سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان قورەيش قەبىلىسىنىڭ چوڭى:
ــ مېنىڭ توغرامدىمۇ خاتا سۆزلىمەپتۇ، بەلكى راست ئېيتىپتۇ. مەن ياغاچچىلىقنى بىلىمەن ھەم ياغاچچىلىق قىلغانمەن، ــ دېدى.
بارلىق جامائەت قازىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقىدى.
ھېكايەت: خەلىل بىن ئەھمەد ئەخلاق ـ پەزىلەتتە كامالەتكە يەتكەن، شېئىرىيەتتە پىشقان، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ ئىدرىكى بىلەن بىرەر ئىشنى قىياس قىلىشتا زېمىن يۈزىدە تەڭداشسىز ئادەم ئىدى.
ئۇنىڭ دەۋرىدە بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ كۆز كېسەللىرىنى داۋالاشتا تەڭداشسىز ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئادەم ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ھاياتى ئاخىرلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا كۆز

داۋالاشتا ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك تېۋىپ يوق ئىدى.

بىر كۈنى خەلىل بىن ئەھمەدنىڭ قېشىدا كىشلەر ئۇ تېۋىپنىڭ تەرىپىنى قىلىشتى ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن ئۈزلىرىنىڭ قاتتىق قايغۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇ چاغدا خەلىل بىن ئەھمەد ئۇلاردىن:

— ئۇ تېۋىپنىڭ بىرەر پارچە رېتسىپىمۇ قالماپتىمۇ؟ ئەگەر بار بولسا شۇ بويىچە داۋا قىلساقمۇ بولاتتى، — دېدى.

— رېتسىپى يوق، — دېيىشتى كۆپچىلىك. خەلىل بىن ئەھمەد:

— ئۇنىڭ دورا تارتىپ بېرىدىغان قاچىلىرىنى ئەكىلىڭلار، — دەپ بۇيرىدى.

تېۋىپنىڭ بارلىق ئەسۋاب ۋە قاچا ـ قۇچىلىرىنى ئېلىپ كىردى. خەلىل بىن ئەھمەد ئۇلارنى بىرمۇ بىر پۇراپ چىققاندىن كېيىن، ئون بەش خىل دورىنى تاللاپ ئالدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى تېۋىپنىڭ ئۆيىدىن كۆز كېسەللىكىنىڭ رېتسىپى تېپىلدى. قارىغۇدەك بولسا، قارىغۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغان رېتسىپ ئون ئالتە خىل دورىدىن تەركىب تاپقانىكەن. بۇلارنىڭ ئون بەش خىلىنى خەلىل بىن ئەھمەد پۇراپ تاپقانىدى. ئەمما ئۇ بىر خىل دورىنى بىلەلمەي قالغانىدى.

ھېكايەت: شام ۋىلايىتىدە بىر ھۆكۈما (تېۋىپ) بار ئىدى. بىر كۈنى، ئۇنىڭ كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالدى. ئۇ نېمىشقا كۆزىنىڭ كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقىنى زادى بىلەلمەي كېچە ـ كۈندۈز يىغلار ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ ھىندىستاندا مەخسۇس كۆز كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىدىغان كامالەتكە يەتكەن ئۇستا بىر تېۋىپ بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ، يول تەييارلىقىنى ھازىرلاپ، ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ھىندىستانغا يېتىپ بېرىپ، ھېلىقى تېۋىپنى تاپتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. تېۋىپ ئېيتتىكى:

— كۆزۈڭنىڭ نېمىشقا قارىغۇ بولۇپ قالغانلىقىنى گەرچە ئۆزۈڭ بىلمىسەڭمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سەۋەبى ماڭا مەلۇم بولدى. بىر شورلۇقتا بىر يىلان بولۇپ، گۆشى سېسىپ كەتكەنىكەندۇق. تازا ھاۋا ئىسسىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەن ئۇنىڭ ئۈستىگە سىيىپ قويۇپسەن. شۇ چاغدا بىر ئۆتكۈر سېسىق ھور كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كۆزۈڭگە تېگىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن كۆزۈڭ قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ، — دېدى.

تېۋىپ بىر خىزمەتكارنى بۇيرۇپ، دورا ئەپچىقتۇرۇپ، كۆزگە دورا سۈرتىدىغان زىقچە بىلەن شامدىن كەلگەن تېۋىپنىڭ كۆزىگە سۈرمە تارتقاندەك تارتىپ قويدى. شۇ ھامان شاملىق تېۋىپنىڭ كۆزى ئېچىلىپ روشەنلەشتى.

شاملىق تېۋىپ ھىندىستانلىق تېۋىپ بىلەن خوشلىشىپ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ھېلىقى ئىشنى بىر سىناق قىلىپ باقماقچى بولۇپ، بىر يىلان تېپىپ ئۆلتۈردى ۋە ئۇنى شورلۇق بىر جايغا كۆمدى. بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن ھاۋا تازا ئىسسىغان بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۈستىگە پېشاپ قىلدى. شۇ ھامان تېۋىپنىڭ كۆزى ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە ھىندىستانغا بارمىسا بولمايدىغان بولدى.

ئۇ ھىندىستانغا كېتىۋېتىپ خىزمەتكارىغا:

— ھىندىستانلىق تېۋىپ دورىنى ئەپكىلىپ كۆزۈمگە سۈرمەكچى بولغان چاغدا، سەن دەرھال ئۇنىڭ قولىدىكى زىقچىنى تارتىۋېلىپ مېنىڭ ئاغزىمغا سېلىپ قويغىن، — دەپ بۇيرىدى.

ئۇلار ئاخىرى ھىندىستانغا يېتىپ بېرىپ، تېۋىپ بىلەن كۆرۈشتى. ھىندىستانلىق تېۋىپ:

uyghurkitap.com



— پالان چاغدا سىنى كۆرگەنىدىم ۋە سىنىڭ كۆزۈڭنى داۋالىغانىدىم - ھە، — دېدى.
شامدىن كەلگەن تېۋىپ بۇ گەپنى ئىنكار قىلىپ:
— مەن بۇ يەرگە پەقەت كېلىپ باقمىغان ۋە كۆزۈمنىمۇ داۋالاتمىغان. چۈنكى كۆزۈم قارىغۇ بولۇپ قالغىلى ئۇزۇن بولمىدى، — دەپ تۇرۇۋالدى.

ھىندىستانلىق تېۋىپ دورىنى زىنچە بىلەن ئېلىپ، شاملىق تېۋىپنىڭ كۆزىگە سۈرمەكچى بولۇپ قولىنى سوزغان ھامان ھېلىقى خىزمەتكار تېۋىپنىڭ قولىدىكى زىنچىنى تارتىۋېلىپ خوجايىنىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى. شامدىن كەلگەن تېۋىپ ئاغزىغا كىرگەن دورىنىڭ تەمى ۋە پۇرىقىدىن توقسان توققۇز خىل دورىنى بىلدى. بىر خىل دورىنى پەقەت بىلەلمىدى. ئۇ ھىندىستانلىق تېۋىپقا بۇ ئەھۋالنى سەزدۈرمىدى ۋە ئاستا ئۇنىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقتى.

ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن توقسان توققۇز خىل دورىنى يىغدى. ھېلىقى بىر خىل دورىنىمۇ ئۆزى ئويلاپ تاپتى. ئاندىن بۇ دورىلارنى بىرلەشتۈرۈپ ياساپ كۆزىگە تارتىپ شىپا تاپتى.

ھېكايەت: تومۇز كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى مۇستەنجىد خەلىپە ئۆزىنىڭ خاس مەھرەملىرىدىن بىرىگە:
— بىر ئۆينىڭ ئىچىدىن زەرگەرنىڭ بولقا ئۇرغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە ئۆينىڭ ئىچىدە ئىشلەش تولىمۇ ئازابلىق بىر ئىش. ئۇ چوقۇم بىر ئالدامچى بولسا كېرەك. شۇڭا ئوچۇق - ئاشكارا ئىش قىلىشتىن قورقۇپ بۇ جاپانى ئۆزىگە راۋا كۆرۈپتۇ. سەن دەرھال شۇ مەھەللىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى تاپقىن. زەرگەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى بىلەن بىللە مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرىدى.

ھېلىقى مەھرەم بېرىپ زەرگەرنىڭ ئۆيىنى تېپىپ كىرىپ قارىسا ئۇ تىللا سوقمۇۋاتقانىكەن. مەھرەم زەرگەرگە تىللالارنى كۆتۈرتۈپ خەلىپە مۇستەنجىدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مۇستەنجىد ھېلىقى تىللالارنى ھەر قانچە تەكشۈرۈپمۇ ئۇنىڭدىن قۇسۇر تاپالمىدى. ئاخىرى زەرگەردىن:
— سەن سوققان بۇ تىللالاردا ھېچقانداق گۇمان ۋە ئەيىب يوق ئىكەن. بۇنى نېمىشقا ئاشكارا سوقماي، كېچىسى ئۆيۈڭدە سوقىسەن؟ — دەپ سورىدى.
— ئەگەر ئاشكارا سوقسام مەندىن تامغا بېجى ئالىدۇ. ئۆيدە يوشۇرۇن قىلسام تامغىغا ئالىدىغان باجنى ئۆزۈم راسخوت قىلىمەن. شۇڭا كېچىسى ئۆيدە ئىشلىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى زەرگەر.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مۇستەنجىدنىڭ زەرگەرگە ئىچى ئاغرىدى ۋە:
— بۇنىڭدىن كېيىن ئىشىڭنى ئاشكارا قىلىۋەرگىن، تامغا بېجىنى تۆلىمىسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى.

ھېكايەت: بىر كېچىسى مۇستەنجىدنىڭ قۇلىقىغا سۇنى ئېگىز بىر جايغا تارتىپ چىقىرىپ قويۇپ مۈزلىتىپ، كۈندۈزى چۈشۈرۈپ ئىچىش ئۈچۈن تەييارلانغان بىر چاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمما بۇ زىمىستان قىش پەسلى ئىدى. بۇ چاغدا ھېچكىم سۇنى مۈزلىتىپ ئىچمەيتتى. شۇڭا مۇستەنجىد ئويلىدىكى: «بۇ بەلكىم ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئىشى بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ چاق ئارقىلىق بىر - بىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەرلەشتى بولغاي.» ئۇ دەرھال بىر ئادەمنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئۇ ئادەم بېرىپ قارىسا بىر قېرى ئادەم ئۆيدىن چىقىپ مەسچىتكە كىرىپ كەتتى. شۇ چاغدا، بىر چىرايلىق ياش يىگىت ھېلىقى ئۆيگە كىرمەكچى بولۇپ ماڭدى.

مۇستەنجىدنىڭ ئادىمى ھېلىقى يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ مۇستەنجىدنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۇنى سوراققا تارتقاندا مەلۇم بولدىكى، ئەسلىدە بۇ يىگىت ھېلىقى قېرى ئادەمنىڭ ئايالىغا ئاشىق ئىكەن. ئۇلار چاق ئارقىلىق ئادەم ئەۋەتىپ بىر - بىرى بىلەن خەۋەرلىشىدىكەن.

# 1998 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر



ۋىلايەت ۋە ناھىيە رەھبەرلىرى نورۇزلۇق ئەسەرلەردىن، ئەلنەغمە نومۇرلىرىدىن ھوزۇرلاندى.



خەلق سەنئەتكارلىرى قايناق ھېسسىيات بىلەن مۇقام، خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلىدى.



ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن نورۇز ئەھلى شاد - خۇرام كەيپىياتتا پائالىيەتكە داخىل بولدى.

تۇرسۇنجان مەھەممەت فوتوسى.



ۋىلايىتىمىزدىكى ئايال ئاپتورلار


**新 玉 文 艺　يېڭى قاشتېشى**

**NEW JADE LITERATURE**

一九九八年　（双 月 刊）
编 辑：《新 玉 文 艺》编 辑 部
出 版：和 田 行 署 文 化 处
喀 什 日 报 社 印 刷 厂 印
发 行：和 田 地 区 邮 电 局
订 阅：全 国 各 地 邮 电 局
印 张：787×1092，1/16，6.125 张
国 内 外 统 一 刊 号：
ISSN1002—929X　CN65—1088/1
代号：58—26

1998 - يىل (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 1092 × 787مم ، 1/16، 6.125 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002 — 929 X　CN 65 — 1088/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 26 — 58

定价：1.60 元，电话：2023792　باھاسى: 1.60 يۈەن، تېلېفون نومۇرى: